مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE

美拉斯 MIRAS



# مىراس

4

2004

ISSN 1004-3829
08>
9 771004 382027



# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2004 ـ يىل 4 ـ سان

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

ئانا ـــ ئائىلە مۇرەببى....................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن (1)

## بۈرۈننىڭ بۈرۈنىسىدا

بىبىخانىم رىۋايىتىدىن ئەمىر تۆمۈر باغلىرىغىچە ..............................
.............................. تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (9)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

بوتۇلكا بىلەن نامراتلارنى يۆلەش..................................: (15)
توكيودا قانچە تېلېۋىزىيە قانىلى بار.................................. (28)
«مۇتەخەسسىسلەر» پاخاللىقى .................................... (72)
پۇرسەت .................................................... (74)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

تۆت ئەۋلىيا، بىر پىر ھەققىدە رىۋايەت......... توپلىغۇچى: ئېلى ئەسقەر (17)
ئۇيغۇرلارنىڭ «كېلىن كۈن» رىۋايىتى............. غالىپ غوجابدۇللا (38)

## دۇنياغا نەزەر

يېرۇسالىم (قۇددۇس) ..................... (51)



(ئومۇمىي 84 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 1130 / 1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004－ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر

ئۆتكەن كۈنلەر......................... روزى مىراب ياسىن (21)

## ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى......................... ئابلىز ئورخۇن (30)

## ئىللەت تۈزەلمىگۈچە، مىللەت تۈزەلمەس

بىلىمسىزلىك نەگە ئاپىرىدۇ؟............. نۇرمۇھەممەد ياسىن ئۆركىشى (40)

## ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا قىسقىچە كۆرسەتمە.........................................................................

......................................................................... فۇرقەت تەلئەت (44)

## ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى

قىيادىكى ئۈۋچىنىڭ نالە ـ زارى............... چ. ئايتماتوف. م. چاقانوف (54)

يادا ئەپسۇنى ھەققىدە......................... خانىدا ئاكىرا (ياپونىيە) (67)

## كۈلكە جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار......................................................................... (77)

شەيتان بەت ......................................................................... (78)



**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـنومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

编辑:《美拉斯》编辑部 主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65－1130/I 国外统一刊号: ISSN1004－3829 邮编: 830001 代号: 58－60 定价: 5.00元


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ ، 4 ـ بەتلىرىدىكى رەسىملەرنى مەمەت رېھىم سىزغان.
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ بەتلىرىدىكى سۈرەتلەرنى ئابلىز ئابدۇللا تارتقان.

# ئانا ـ ئائىلە مۇرەببى





ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن

ئەلىشىر نەۋائى:

«ئانا ـ شەرەپ گەۋھەرىنىڭ كانى، بىل،
گەۋھەر كانى، ھەرنە دېسەڭ ئانى بىل.»

دېگەنىدى. ئانا توغرىسىدا ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان مەدھىيە شېئىر ـ قوشاقلىرى ۋە تېخى دېيىلمىگەن شېرىن ئىبارىلەرنى ياسىدىغان ئىككىنچى شۇنداق مۇقەددەس نامايانده بولمىسا كېرەك.

شۇنداق، «ئانا ـ گۆدەك دىلى ۋە تىلىدىكى ئىلاھە» (تىككىرى)، «ئانا ـ بىز ھەمىشە قەرزدار بولغان ئۇلۇغ زات» (ئوستروۋىسكى)، «ئانا ـ ئادەمزاتنىڭ بىرىنچى تەربىيىچىسى» (گولدسمىت)، «مىللەت تەقدىرى ـ ئانىلار قولىدا» (بالزاك).

ئانا ـ ئايال جىنسىنىڭ پەرزەنت تىلىدىكى مۇبارەك نامى. ئۇنىڭ ئەر تىلىدىكى سۆيۈملۈك نامى خوتۇندۇر. قىز، سىڭىل، كېلىن، قېيىنانا، ئانا ۋە خوتۇن ئايال جىنسىنىڭ ھەرقايسى ھالەتلىرىدە، ھەر خىل ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى شەرتلىك ئاتىلىشى بولۇپ، بىز تۆۋەندە خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى، ئۇنىڭ مىللەت ئالدىدىكى قىممىتى ۋە مەنىۋى شەرتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئەر ـ خوتۇن ئائىلە تۈزۈلمىسىنىڭ باشلانغۇچ ئىككى ئامىلى، ئائىلىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسى گەۋدىسى بولۇپ، خوتۇن ئائىلىدە پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتىدۇ.

نىكراسوف: «خوتۇن (ئايال) ئۇلۇغ سۆز. ئۇنىڭدا قىزلىق نازاكىتى، دوستلۇق شەيدالىقى، ئانىلىق جاسارىتى مۇجەسسەم» دېسە، فرانس: «ئايال ئەركەك زاتىنىڭ ئۇلۇغ مۇرەببىدۇر» دېگەن.

ئېيتىش كېرەككى، ئائىلىدە ماتور ئەر بولماي، ئايالدۇر. ئايال ئائىلىنى بىنا قىلغۇچى، ئىسلاھ قىلغۇچى، گۈزەللەشتۈرگۈچى، پاراۋانلاشتۇرغۇچى، ئىناقلاشتۇرغۇچى

مۇرەببە.

تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنى ۋە رولىنى كۆپ تەرەپلىمە تىلغا ئېلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە تەسىرىنى ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

«ئائىلە — خوتۇندىن ئىبارەت». چۈنكى، ئائىلىگە ئۇل بولغۇچى بىناكار ۋە ئائىلە پائالىيىتىنى جانلاندۇرغۇچى رولچى خوتۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئائىلە بەختى— خوتۇن قولىدا»، خوتۇن گادايلىققا قارشى ئەسكەر، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەتىنى ئائىلە. خوتۇن زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرغۇچى سۇلھىچى ۋە قازى، نەسەبچى ئۇستاز. «ئۇنىڭ ئىبادىتى تىرىشچانلىق، ئىلمىي ئائىلىنى ھەربىيلەرچە مۇنتىزىم ـ ئىدىتلىق تۇتماق، قورالى ھەتتاكى قايچا بىلەن يىڭنە». خوتۇن ئائىلە چىرىغى، روھىيەت بېغى، مەپتۇنكارلىق گۈلى، بەخت، ھەتتا ئائىلە بەختى ئەقىل بىلەن بىلىمگە باغلىق. ئائىلە بەختى ئەرنىڭ بىلىمگە ئەمەس، خوتۇننىڭ ئەقلى ـ بىلىمگە باغلىق. ئۇنىڭ زىنىنتى پەزىلەت، قۇدرىتى بىلىم بىلەن ئەقىل. ئەقىلسىز خوتۇن بىلىملىك ئەرنىڭ ھالاكەت زىندانى. ئائىلىدە، خوتۇن ئالدىدا بەختسىز ئەر، ھېچ جايدا بەختلىك بولالمايدۇ.

«ئائىلىدە تەلىم، مەرىپەت ساھىبى — خوتۇن». ئانا ئەقلىي ئۆلچىمى بالا زېھنىگە بىر قېلىپ ـ ئەندىزە. ئەقىلسىز خوتۇندىن تەسىر ئالغان بالىنى جەمئىيەت ۋە مەكتەپنىڭ تۈزىتىشكى مۇشكۇل. خوتۇن تەربىيە ئۇرۇقىنى چاچقۇچى دېھقان، كامالەت يېتىلدۈرگۈچى باغۋەن. بالىغا بەرگەن ئاش ـ ئوزۇق كېتىدۇ، تەلىم ـ تەسىر قالىدۇ. ئانا قۇچىقى بىرىنچى مەكتەپ.

«خوتۇنلىرى تەربىيە كۆرگەن مىللەت خەلقى باي، كۈچلۈك مىللەتتۇر»، «خوتۇنلارنى بىلىملىك قىلىش پۈتۈن مىللەتنىڭ خىزمىتى» قەيەردە، قايسى مىللەتنىڭ قىز ـ ئاياللىرى بىلىملىك، قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇ يەردە ئۆسمۈرلەر بىلەن ئەرلەر كارغا يارايدىغان ھەقىقىي كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇنداق مۇنەۋۋەر قىز ـ ئاياللار تۈركۈمى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارى ۋە غەمخورلۇقى شەرتى ئاستىدىلا شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇ مەنىدە «مەدەنىيەت دەرىجىسى ئاياللارغا تۇتۇلغان مۇناسىۋەتتە ئۆلچىنىدۇ» (گوركى).

ئاتا ئالەمدىن ئۆتكەندە ئائىلىدە ئاتىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئۈستىگە قوشۇپ ئالغان ۋە مۇنەۋۋەر پەرزەنت تەربىيىلىگەن ئانا—ئومۇم ھۆرمىتىگە لايىق ھەقىقىي قەھرىمان ئانىدۇر.

ئايال ھەققىدە توختىلىپ، ئەلىشىر نەۋائىي:

«يۈز تۈمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق،
پاك خوتۇنلار ئاياغىنىڭ ئىزى.»
«ياخشى خاتۇنلار سافائى زۇھدىدىن،
ئالەم ئىچرە گەر يورۇقلۇق بولسا پاش.
يوق ئەجەپ، چۈنكىم ئەرەب ئەلفازىدا،
ئىستىلا ئىچرە مۇئەننە شۇر قۇياش.»

(ياخشى خوتۇنلارنىڭ سۈزۈك ـ روشەنلىكىدىن ھەتتا يورۇقلۇقمۇ پاش بولغۇدەك ھالەتتە بولىدۇ، ئەرەبچىدە قۇياش ئىبارىسى يەنىلا ئايال زاتى جىنسىدا كېلىدىغانلىقىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر) دېگەنىدى.

ئەھمەد دانىش:

«خوتۇن بولسا ياخشى ۋە پەرسا،
گاداي ئەرنى ئۇل قىلۇرلەر پادىشاھ.»

دېگەن. بۇ ياخشى خوتۇنلار ھەققىدىكى مەدھىيە.

«خوتۇن ئەگەر ناچار بولسا ۋابا مىكروبىدۇر».

زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «خوتۇنى تەتۈر بولغان ئەركەكنىڭ دوزىخى مۇشۇ دۇنيادا» دېگەنىدى. ئۇ ئەرنى، ئائىلىنى، ئەۋلادنى، جەمئىيەتنى، مىللەتنى ئىللەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئانىنىڭ ئانا تىلنى خارلىشى، ئانىلىق بۇرچىنى خارلىشى، خوتۇننىڭ خوتۇنلۇق گۈلشىنىنى تىكەنزارغا ئايلاندۇرۇشى پەيدا قىلىدىغان ھالاكەتتىن بەتتەر يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟! ھەرقانداق ئائىلە، ئۆز نەسلىنىڭ كەلگۈسى پەزىلىتىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى، ئۇنىڭدىن شۆھرەتلىك كىشىلەر چىقىشىنى خالىسا، ھەرقانداق مىللەت، ئۆز ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسى كامالىتى، مەدەنىيىتى، تۆھپىكارلىقىنى ئارزۇ قىلسا، ئاياللار تەربىيىسىنى ئۇنىڭ كىچىككىنە ئويناق ۋە ئوماق قىز ۋاقتىدىن باشلاپ، بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى ۋە بۇ جەھەتتە ئايرىم

قۇرۇلما، تەربىيە ۋە مەبلەغ ئاجرىتىشى لازىم. گۈللەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، پەقەت كىيىنىش ـ تارتىنىش ۋە ئويۇن ـ كۈلكىنى ھايات مېلودىيىسى قىلىۋالغان مىليونلىغان قىزلارنى قويىندا تۇتۇپ تۇرغان مىللەت، مامكاپتەك ئايىغى گۈلسىز، مېۋىسىز قىسمەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر. خەلقىنىڭ «قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا» دېگەن تەمسىل ـ ماقالى ئەۋلادنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئەھۋالى كەلگۈسىنىڭ بارومېترى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

خوتۇن ئەرنىڭ تايانچىسى، ئۆمۈردە ئىزدىگىنى، ئارزۇ قىلغىنى ۋە ئېرىشكىنى. خوتۇن ئەرنى ئۆستۈرۈشى، قىرقىشى مۇمكىن. تارىختا ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن ئاشىقلىق داستانى ياراتقان يىگىت ـ ئەركەكلەر، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەرلەر نۇرغۇن. ئوخشاشلا، ئۆز خوتۇنىنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن، ئېپپەتسىزلىكىدىن، سۆرەلمىلىكىدىن، پىتنىخورلۇقىدىن، ئاچ كۆزلۈكىدىن، زالىملىقىدىن، بىپەرۋالىقىدىن، دەرغەزەپلىكىدىن، نادانلىقىدىن، تەنتەكلىكىدىن ھېچبىر ئىشى يۈرۈشمەي، كۆڭلى ئېچىلماي، خارلىق، مەينەتچىلىك، نادامەتلىك ئىچىدە نەس بېسىپ يۈرگەن ئەرلەر ئازمۇ؟! بۇ ماھىيەتتە مىللەت بەدىنىدىكى پاجىئەدىن ئىبارەت. خەلق توغرا ئېيتىدۇ: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «قابىل خوتۇن نەتىجىلىك ئەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ». دەرۋەقە، ئەقىللىق، ئېتىقادى مەھكەم، پەزىلىتى ئالىيجاناب مەرىپەتلىك ۋە چېۋەر ئايال تۈپەيلى، ئاددىي ئەركەكتىن نەتىجىلىك، ھەتتا ئالاھىدە نەتىجىلىك ئەر، پەرزەنت تارىخقا قەدەم قويۇشى مۇمكىن.

ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ تېما تەتقىقاتىمىزدا ئايال جىنسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئاياللىق قانداقتۇر لىرىك شېئىرىي ئوبېيكت بولۇپ قالماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ غايەت چوڭ، ھەتتا خۇددى «ئۇرۇق» تەك تۈپلۈك ئىجتىمائىي ـ تارىخىي مەسىلىدۇر. ئۇ ئىنسان ئەۋلادلىرى، مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسى، ئائىلىلەر بەختى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ھالقىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، رېئال تۇرمۇشىمىزدا تېخى «ئائىلە مەسىلىسى» بوھرانلىرى خېلىلا ئېغىر. بىرمۇنچە قىزلار تېخى مۇھەببەت ۋە ئائىلە توغرىسىدا قىزغىن خىيال سۈرسىمۇ، تېخى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار مېخانىزىم بىلەن ئانىلىق، خوتۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس فۇنكسىيە توغرىسىدا ھېچقانچە ھازىرلىقى يوق. ھەتتا خېلى بىر قىسىم ئاياللار بۇنداق ھازىرلىقنىڭ بولۇشى لازىملىقىدىنمۇ خەۋەرسىز. ئۇلار «ئالدى ـ تەگدى»، «ئۆي تۇتتى ـ تۇغدى» دېگەندىن نېرىغا ئۆتمىگەن. ئۇلارنىڭ قىزىقىقنى يۇقىرى باھالىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەش. بۇ خۇددى تۇخۇمنىڭ ئىچى بىلەن كارى بولماي، ئۇنىڭ شاكىلىنى قىزىل بويىغانغا ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق.

ئائىلە ۋە خوتۇنلۇق ھەققىدە ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولماي، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى بىر ـ بىرلەپ ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن كېتىدىغان بەدەل ناھايىتى چوڭ بولۇشى ئېنىق. بەزىدە بىر ئۆمۈر بوھران زەربىسى بىلەن سەرپ بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مىللەت ئالدى بىلەن ئائىلە ۋە خوتۇنلۇق مەدەنىيىتى مەسىلىسىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇپ، بۇ جەھەتتە نەتىجە قازىنىدىكەن، ئۇنىڭ قىممىتى قانچە ـ قانچە راكېتا، ئاۋىئاماتكا ۋە سانائەت كارخانىلىرى قىممىتىدىن ئۈستۈن بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

روشەنكى، مەدەنىيەتلىك، شۇنىڭدەك كەلگۈسى پارلاق مىللەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى، شۇ مىللەتتىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئائىلە ئېڭى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە مەركەزلەشكەن.

تارىختا ئارىمىزدىن ئاجايىپ ئىستېداتلىق ئانىلار، ئاياللار مەيدانغا كەلگەن. گەرچە نۇرغۇنلىغان چېۋەر ئاياللار نامى تارىختا قالمىغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ مىليون ـ مىليوندىن بىرىنى بىلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامىدا پۈتكۈل مۇنەۋۋەر ئانا ئەجدادىمىزنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز.

بىز «كۆلتېگىن» نامىدىكى ئابىدىگە «ئومايدەك ئاتامنىڭ قۇتىدىن» دېگەن سۆز يېزىلغانلىقىنى، بۇ ئانا تۈپەيلى كۆلتېگىندەك قەھرىمان ئوغۇل دۇنياغا

كەلگەنلىكىنى، كومىراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋاخانىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى كەشمىر ۋە قەشقەر، يەكەنلەردە تەربىيلەشكە ئېلىپ بېرىپ، شەرق بۇددىزىم ماھايانا ئېقىمىدىكى مەشھۇر ئۇستازنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى بىلىمىز، بىز موغانخانىمنىڭ قىزى مەلىكە ئاسىنانىڭ غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنى شەرققە تارقاتقانلىقىنى ۋە سۇجۇپ، بەيماندا، بەيجىتۇڭ قاتارلىق سەنئەت پېشۋالىرىغا ھامىيلىق قىلغانلىقىنى، ئېرىدىن تۇل قالغاندا ئىپپەتلىك ئاغىچا، دەپ تارىختا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز قاراخانىيلاردىن مەھمۇد قاراخان ئايالى تۇركان خاتۇننىڭ سۇلتان سەنجەر ئايالى بىلەن كىدان خانى گورخان قولىغا ئەسىرلىككە چۈشكەندىكى قەيسەرلىكىنى بىلىمىز. بىز نۇرئەلانۇرخاننىڭ شېھىتلىكىنى، قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ باتۇرنى، خوپىنگارخانىمنىڭ مىرزا ھەيدەرنى تۇغۇپ تەربىيلىگەن ئاچا ـ سىڭىللار ئىكەنلىكىنى، گۇل بادام خانىم ۋە زىبۇنىسا مەلىكە قاتارلىق بابۇر ئەۋلادلىرىنىڭ مەشھۇر «ھۇمايۇننامە»، «دىۋانى زىبۇنىسا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز، ئامانىسا خېنىم ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سالغان ۋە ئاياللار ئەخلاقىي تەربىيىسى ھەققىدە ئەسەر يازغان مۇبارەك زات ئىدى. نادىرە ئەنبەر دىلشات، مۇئەززەم خان، مەھزۇنە، ئۇۋەيسىيە، نازۇگۇملارنىڭ ناملىرىمۇ مۇھەببەتكە سادىقلىق، زۇلمەتكە قارشىلىق ۋە شېئىرىي ماھارەت بىلەن ئۆز ئالدىغا خاس سەھىپىلەر ياراتقان. تۇمارىس، ئادادىتا، ئىبىن سىنانىڭ ئانىسى سىتۇرە، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئانىسى قاراچاچ ئانا قاتارلىق ئاياللار خەلقىمىز تارىخىدا تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

يەنە شۇنىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ھازىرقى كۈندىمۇ ياخشى ئاياللار، ياخشى كېلىنلەر، ياخشى ئانىلار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار مەيلى شەھەردە ياكى يېزا ـ قىشلاقتا، مەيلى خىزمەتتە ياكى جىسمانىي ئەمگەكتە، مەيلى مەكتەپ كۆرمىگەن ياكى ئوقۇمۇشلۇق ئاياللار بولمىسۇن، مىللىتىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنى تۇغۇپ تەربىيلەپ، ئۇلارغا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىتىپ، مىللىتىمىزنى ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەر قاتارىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلىپ كەلدى. ئۇلار پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا، مىننەتدار بولۇشىغا، «ئانا!» دەپ مەدھىيىلىشى، ناخشا ـ قوشاققا قېتىشى، ئايال دەپ ھۆرمەتلىشى، يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا ھەقلىق. ئانا ـ ئايال جىنسىنى قەدىرلەش ئويغانغان، مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان مىللەتنىڭ دائىمىي مېلودىيىسى.

بىز بۇنداق مۇقەددەس ئايال، يۈكسەك ئانىلارنى پارلاق ئۈلگە قىلىشىمىز، مىللەت بەدىنىدىكى بۇزۇلغان، پاھىشە، ئوخشاش جىنسلىقلار پاھىشىسى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئاياللار ئارا دەللاللىق، ئىسسىقۇ ـ سوۋۇتقۇ بىلەن شۇغۇللانغۇچى بۇزۇق ئاياللاردەك بولمىغۇر ئىللەت مىكروبلىرىنى ئومۇم مىللەت قەھرىي غەزەبلىرىنىڭ تاش بورانلىرىدا كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ، ئانا شۆھرىتىنى مىللەت كامالىتىنىڭ ھەقىقىي گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## ئاتا ـ ئائىلە يۆلەنچۈكى

ئاتا ـ نوقۇل يىگىتلىكتىن ئائىلىلىك بولۇپ، پەرزەنت دىدارى كۆرۈش بولماستىن، ئۇ يۈكسەك ئالىي ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئىبارە. دەرۋەقە، پەرزەنت تېپىش، پەرزەنتكە ئاتا بولۇش قىيىن ئەمەس، ئەمما پەرزەنتكە ئاتىلىق قىلماق قىيىن.

ئاتا، ئالدى بىلەن ئائىلە تەركىبىدىكى ئاساسلىق ئەزانىڭ بىرى بولغان «ئەر»دىن ئىبارەت. خوتۇنسىز ئائىلە ۋە ئەرسىز ئائىلە تولۇق بولمىغان ئائىلە. ئەمما، بۇ ئىككى جىنسنىڭ قايسىبىرى بولمىغان ئائىلىنىڭ يوقتىن پەيدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ئائىلە ئۈچۈن مەنپىي ـ مۇسبەت ئۇل، بوم ۋە زىل ئىككى تار بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناۋا ساداسى چىقمايدۇ. سېرۋانتىس توغرا ئېيتقان: «ياخشى ئەر ـ خوتۇنىدا يۈرەك ئىككى بولسىمۇ تىلەك بىر».

ياخشى ئاتا بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەر بولۇش شەرت. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەركەك ـ ياخشى ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممە ئەركەكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك ياخشى ئەر ۋە ياخشى ئاتا بولۇشى ناتايىن.

ئېيتىش كېرەككى، ياخشى ئەر بولۇش، ئەر جىنسىنىڭ

ياش، تەمبەل، كېلىشكەن بولۇشىنىمۇ، ياكى قەھرىي غەزەپلىك، ئىنتىلك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشىنىمۇ ۋە ياكى قول ئىلكى ئۇزۇن، كەڭ خىراجەت بولۇشىنىمۇ، ياكى سۆزمەن، ئويۇنپەز، زېرىكتۇرمەس بولۇشىنىمۇ ئاساسىي شەرت قىلمايدۇ، ياخشى ئەر بولۇش ئائىلىدە خوتۇنغا نىسبەتەن، ئائىلە ئىچى ــ سىرتىدىكى ئەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭ، قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ۋە ئۇنۇملۇك ئەر ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇش دېمەكتۇر.

بىلىش كېرەككى، ئەر ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن ئائىلە تۇتمايدۇ، ئەرنىڭ ئايالغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى بىر ئەركەكنىڭ ئايالنى ھەممە جەھەتتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى خاتىرجەم قىلىش، قانائەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ باھا ـ قىممىتى، ئۆزىنى ئاجىزە، ئايال سانايدىغان ھەرقانداق ساغلام ئايال جىنسىنىڭ بىرىنچى دىققەت مەركىزىدىكى بىرىنچى ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئەرلىك، دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچىنىپ تۇرىدۇ. ئايالنىڭ بەخت ھېسسىياتى ھەتتا ماددىي پاراۋانلىق شەرتلىرى تولىمۇ ناچار ھالەتتىمۇ، شۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ھاسىل بولغان رازىمەنلىك ۋە قانائەتتىن كېلىدۇ. ئەرلىكنى كۆز ـ كۆز قىلىش، ئەرلىك ئۇستۇنلۇكى غۇرۇرى ئۈچۈن ئايال قەدىر ـ قىممىتىنى سۇندۇرۇش، كۈچ ۋە تىل ئارقىلىق، ئىقتىسادتا قامال ۋە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق ئەرلىك ھاكىممۇتلەقلىقى، ئايالنىڭ قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇشىنى خالاش، بۇ ماھىيەتتە ئەرلىك، ئەركەكلىك شان ـ شۆھرىتىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن يەرگە ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەت ئەركەككە ئۇنى زوراۋان، گۇندىپاي، ۋەھشىي قىلىش ئۈچۈن كۈچ، بەست ۋە تىل ئاتا قىلغان ئەمەس.

دەرۋەقە، دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن بولۇشى ئاز ئۇچرايدۇ. ئادەم جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ بارىدىغان نەرسە، ھەركىمنىڭ ئۆز گۈلى ۋە تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ. ئائىلە ــ رەندە، ئۇ ئىككى پارچە، بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ھەم كەلمەيدىغان ياغاچنى ياپسا قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ھەم قىلغاندەك، ئەر ـ ئايالنى تەدرىجىي ئاڭلىق ياكى سۈركىلىش ئارقىلىق ئادەتلىنىش شەكلىدە بىر ـ بىرىگە ياپسا قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى يەملەيدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرى كۆيۈپ ـ پىشىپ كېتىشكەن، نىكاھتىن كېيىن «ياپسالاش» جەريانىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن ئائىلىلەرمۇ، نىكاھتىن ئىلگىرى راسا ئىچ كۆيۈكى تارتىشمىغان، نىكاھدىن كېيىن ئىناق ئائىلە تۇزىگەنلەرمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەسىلە ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەمەس، ئادىمىيلىك شەرتلىرىدە، ياشلىق ئۆزى گۈزەل بولىدۇ، ياش ۋە گۈزەل ئادەملەر نۇرغۇن. ئەمما ئادىمىي ئادەم بولماق نەچچە ئەۋلاد ئىشى. ئۇ ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئالغان تەربىيىسىگە، نىكاھدىن كېيىن ئۇچرىغان ئائىلە تەربىيىسىگە، ئاتا بولغاندىن كېيىن ئائىلىدە ئۇچرىغان ئاتا بولۇش تەربىيىسىگە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ تەربىيە قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق سۈپەتلىرىگە باغلىق.

ئائىلە ــ ئەرنىڭ بەخت بېغى. ئەر ــ مۇقەددەس قەلب ئۆيىدۇر. ئايال روھىيىتىنى ئەر قەلبىدە ئىپتىخار سېزىدۇ. ئايالنىڭ ھەر كۈنى قارايدىغىنى ئەينەككىلا ئەمەس، بەلكى ئەرنىڭ قەلبىدىكى ئۆز شەكلى، ئوبرازى ۋە باھالىنىشى.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر ئائىلىدە ھەقىقىي سىمۋول بولماستىن، پاسىق ئايالنىڭ ئويۇنچۇقى، ساختا نىقابى، ھاقارەتلەش ئوبيېكتى بولىدىغان ئەھۋال گەرچە كەمدىن ـ كەم بولسىمۇ، ئائىلە شەنىگە ئېغىر داغدۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى خوتۇن پەرزەنتىنى، ئۆزىنى، ئېرىنى قېيىققا سېلىپ، ھالاكەت گىردابىغا ھەيدىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە پاجىئە، ئاقىۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئىز بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇمانلانماسلىق كېرەك.

### ئەر ــ ئاتا، بوۋا، مۇرۇۋۋەتلىك پېشقەدەم

ئاتا بولۇش ــ ئاتىسىدەك ئىناۋەتلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش، ئەرنىڭ ئارزۇسى ۋە بەختى.

ئاتا ــ ئائىلە، خوتۇن، پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى. ئۇنىڭ تومۇرىدا قان، خىيال، زېھنىدە پەرزەنت تەلپۈنىدۇ. ئاتىلىق مېھرى ئاتىغا خاس تەلەپ، پىكىر ـ تۇيغۇ، چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان شەپقەت ۋە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئانىلىق مېھرىنىلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئاتىلىق مېھرى سۆكۈتچان، جىم ـ بىزۇۋان، زېھىندار شۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەتكى، ئۇ كۆز يېشى ئېقىپ، يېنىپ تۇرىدىغان شامغا ئەمەس، بەلكى مەشئەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئاتا — مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى. ئائىلىلىق ۋە ۋىجدانلىق ئەركەك مىللەتكە، جەمئىيەتكە، تەرەققىياتقا كەينىنى قىلىۋالغان ئەر بولماستىن، ئۇ ئائىلە ھۇجەيرىسىدە جەمئىيەت بەختىنى، پەرزەنت گەۋدىسىدە مىللەت كېلەچىكىنى ئۈستۈرگۈچى باغۋەندۇر. ئۇ ئەمگىكى، ئىجادىيىتى، جەڭگىلەردىكى جاسارىتى، ئەقىل ـ ھېسسىياتى، تەدبىر ـ چارە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكىنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

ئەر — ئائىلىنى ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيادا جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان بارگاھى، قورغىنى ۋە بازىسى دەپ بىلىشى، ئائىلە توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىگە ئىگە قىلىشى لازىم. ئائىلە توغرىسىدىكى تەربىيە گەرچە تېگى ـ تەكتىدىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە پەزىلەت تەربىيىسىگە ئاساسلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پائال مەزمۇنلىرى بولىدۇ. يېڭى زامان ئۆزبېك ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇللا ئەۋلانى «تەربىيە بىز ئۈچۈن ياكى ھايات، ياكى مامات، ياكى نىجات، ياكى ھالاكەت، ياكى سائادەت، ياكى پالاكەت مەسىلىسىدۇر» دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئائىلە تەربىيىسىگە ئېرىشمىگەن تەربىيە تولۇقسىز تەربىيىدۇر.

## ئەر ـ خوتۇنلۇق ياكى ئاتا ـ ئانىلىق ئوبرازىنى نۇقسان كەلتۈرگۈچى ئىللەتلەر

مىللەتنىڭ ھەربىر بوغۇنىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەر، ئاساسلىقى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبى — ئەر ـ خوتۇن، ئاتا ـ ئانا گەۋدىسىدىكى ئىللەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

ئېمرسون: «تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بايلىق ئەمەس، بەلكى شۇ ئۆلكە باغرىدا تەلىم ئالغان ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېسە، چېرنىشۇسكى: «مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى — خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېگەنىدى. ئۇلۇغ كىشىلەر تۈركۈملىرى بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى ساپاسى مىللەتنىڭ ھەقىقىي نوپۇزى ۋە قۇدرىتى ھېسابلىنىدۇ. جاھالەت، نادانلىق مەيلى ئائىلە ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن، ئەڭ ئېغىر ئىللەت ۋە پاجىئەلىك كۆلپەتتۇر.

ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىدەك ئەڭ نازۇك ۋە ئەپسۇنكار مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئوبرازىدەك ئەڭ نۇرانە ئوبرازغىمۇ خەتەر كەلتۈرىدىغان نۇقسانلار مەۋجۇت. ئۇ خۇددى «ئىمان» نىڭ كۈشەندىسى «شەيتان» بولغىنىدەك بەخت ـ سائادەتنىڭ ھالاكەتچان كۈشەندىسىدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، دەۋر ئوخشىمايدۇ، كىشىلەر ئوخشىمايدۇ. ئائىلە ئالاقىلىرى مۇۋازىنىتى ھەر خىل بولغاچقا، ئائىلە ئىچىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئىنسان ئارىسىدىكى مەنىۋى نۇقسانلارنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ھالەتلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىدا ئەنئەنىۋى ئائىلە چۈشەنچىلىرى بىلەن ياۋروپا تەسىرىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئائىلە چۈشەنچىلىرى، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىلەن ياۋروپا تەسىرىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئائىلە ئۆلچەملىرى ئارىسىدا جىددىي سۈركىلىش يۈز بەرمەكتە.

ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىدا بازار ۋە تاۋار ئېڭىنىڭ تەسىرى كىشىلەر قەلبىگە، ھەتتا پوتېنسىئال ئاڭ، خاھىشلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، پايدا ـ زىيان، كىرىم ـ چىقىم، پۇل، ھوقۇق، ئىستېمال تەلەپلىرىگىچە لەرزە پەيدا قىلماقتا. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، بەخت چۈشەنچىلىرىدە ھەر خىل پىكىر ـ ھېسسىيات داۋالغۇشلىرى بارغانچە زورايماقتا.

بۇ ھال، ئوخشىمىغان ئائىلە ئەخلاقىي مۇتەخەسسىسلىرى نەزەرىدە ئوخشىمىغان «ياخشى»، «يامان»، «يوللۇق»، «يولسىز» دېگەندەك قاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز پەقەت ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈستىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

— «تەلەپ قىلىش نۇرغۇن، غەمخورلۇق قىلىش ئاز» بولۇش، مەيلى ئەنئەنىۋى ياكى ياۋروپاچە قاراش بىلەن بولمىسۇن، ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، «خەقنىڭ ئەر (ئايال) لىرى ئۇنداق ئىكەن»، «مۇنداق قىلىدىكەن» ياكى «ئەر (ئايال) ئۇنداق بولۇشى لازىم» دەپ سۆزلەپ يۈرىدىغان كۆڭلىدە ئۆز ئايالى (ئېرى)نىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئەجرىگە نارازى ھېسسىياتتا بولۇپ يۈرىدىغان، ئەكس ھالدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەجىر قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن غەمخور-

لۇقى ھەققىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، كايىمايدىغان ئەھۋال «مۇرۇۋۋەتسىزلىك» ئىللىتىدۇر.

—«ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىش كۆپ، روھىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەرلەردە ئائىلىگە پۇل، نەرسە ـ كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئايالىنىڭ دىلىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە سىرداش بولۇشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلسە؛ ئاياللاردا ئەرلىرىنىڭ ئائىلىدىكى ماددىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى تۇرمۇشى، روھىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ «ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمىلىكى، مەنىۋى شىپاخانا بولالماسلىق» ئىللىتىدۇر.

—«ئائىلە سىرتىغا ئائىت پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلە ئىچى مۇلازىمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ دائىم دېگۈدەك سىرتتا مەشغۇلات ئۆتكۈزىدىغان ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىدە بىر ـ بىرىگە قېيداش پەيدا قىلىدىغان روھىي ئازاب. بۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك جەمئىيەتكە زىت قىلىپ قويىدىغان «ئائىلە چىرىغىنىڭ مايسىراپ قېلىش» ئىللىتىدۇر.

—« ئەر ـ ئايال ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلىدە باشقا ئەزالار ۋە پەرزەنتلەر تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، روھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ «ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى تولۇق ئۆتىمەسلىك» ئىللىتىدۇر.

—«يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى مەنىۋى تۈزۈلمىسىنى بېيىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ «ئائىلىنى قۇرۇق باراڭ قىلىش» ئىللىتىدۇر.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە «مۇۋازىنەتسىزلىك»تىن تاشقىرى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە جىددىيلىك، ھەتتا بوھران سالىدىغان خۇنۇك ئادەت، نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

—«ھەممىگە چات كېرىۋېلىش بىلەن ھەممىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىۋېلىش». بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ قىلىمەن دېگىنىنى ئىككىنچى تەرەپكە ياخشى سۆز بىلەنمۇ، داۋاملىق ۋايساپ زېرىكتۈرۈش بىلەنمۇ قوبۇل قىلدۇرۇش ئادىتىدە؛ ھەممە خىراجەتنى ئۆزى بىلگەنچە تىزگىنلەش خاھىشىدە؛ ھەممىنى، ھەتتا ئېرى ياكى ئايالىنى باھالىغۇچى، ئەيىبلىگۈچى قىلىۋېلىش ئىستىلىدا؛ ئائىلىدىكى بەشەملىك، جېدەلخورلۇق، كۆكەملىك، مۇشتۇمزورلۇق ياكى ئۇششۇقلۇق قىلىش، سەتنى يېپىش ئىللەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئائىلىدە جېدەل بېسىقمايدۇ ياكى بىر تەرەپ ھەممىدە ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، ئائىلىنى يالغۇز ئات ھارۋىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسى بولماستىن، ئەكسىچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پاجىئەسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپ ئۈستىدىكى غەلىبىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

—«پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكنى ئىككىنچى تەرەپكە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ رەنجىشى ئورۇنسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش بىلەن ئائىلىدە كۆڭۈل سۇ ئىچمەسلىك». بۇ ئائىلىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئاڭلىق ئۈستۈن قويىدىغان بىر تەرەپنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئىككىنچى تەرەپتىن پۇتاق چىقىرىش ئادىتى بولۇپ، روھىي جىنكەشلىكتىن ئىبارەت. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدە كۆڭلى سۇ ئىچمەسلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار غەيرىي نورمال خىيال ۋە ھەرىكەتلەرگە مۇمكىنلىك تۇغدۇرىدۇ. بۇ ئائىلە دۈشمەنلىرى ئۈچۈن پارتلاتقۇچ دورىدەك چوڭ ھەمكارلىقتۇر.

—«ئاساسسىز كۈنچىلىك قىلىش بىلەن ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش». بۇ ئائىلىلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەتكە بولغان بىر خىل پىسخىكىلىق گۇمانخورلۇق ئىللىتى تۈپەيلىدىن ئائىلىدە نۇرغۇن سۈركىلىش، ئاساسسىز تۆھمەت قىلىش ھادىسىلىرى، ھەتتا نىكاھتىن ئايرىلىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەكس ھالدا ئائىلىدە مۇھەببەتنىڭ سۇسلىششى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ، ياكى بىر تەرەپ قارىشى تەرەپنى ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال سوزۇلغانچە روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە جىددىي پارتلاش خاراكتېرلىك زىددىيەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

— «پەرزەنت كۆرۈۋېلىشنى كۆزلەپ ياكى ئىقتىسادىي ئىقتىدارىنى كۆزلەپ، ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆزلىمەسلىك». بۇ ئائىلىلەردە ئائىلە قۇرۇش مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى شەكىلدىمۇ، پەقەت پەرزەنت رىشتىسى بىلەن ئىقتىسادىي دارامەت مەنپەئىتىگە چوغ تارتىپلا، ئائىلىنى سولغۇن داۋاملىتىۋاتقان كېيىنكى شەكىلدىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن.

— «غەزەپ ئوتىنى بولۇشىچە چېچىش، قىساسكارلىق يالقۇنىدا ھالاك بولۇش». بۇ بەزى ئەر ـ ئاياللاردىكى ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ سەۋدا، ئەسەبىي ئىللەت بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتتىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى خانىۋەيران ۋە ھالاك قىلىش ئىللىتىدىن ئىبارەت. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەزىپىگە پايلىماي ئائىلىنى پاجىئەلىك قانغا بويايدىغان جىنايەت دېلولىرىنىڭ داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئائىلە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پاجىئە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

بىلىش لازىمكى، مۇھەببەت جانىنى ۋە قەلبىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇشتۇر. ئەر ـ ئاياللىڭ يۇقىرىدىكىدەك ھالاك قىلغۇچ ئەسەبىيلىكىدە، ئەسەبىيلىك قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپ قەلبىدىكى ئېھتىراملىق ئورنىغا ئوت قويۇپ، ئۆز جېنىنى ئۆز غەزىپىدە ئۆلتۈرىدۇ. ھاقارەتلىگۈچى ئۆز ئوبرازىغا قاتىللىق قىلىدۇ. ھاقارەتلەنگۈچى ئۆز ھاياتىنىڭ پاجىئەلىرىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن مۇنداق ئۈگۈت قىلغانىدى: «ئەرنىڭ پېقىر ـ گادايلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇقسان ئەمەس، ئەرنىڭ بايلىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەت ئەمەس. ھۇرۇنلۇق، ھاراقكەشلىك ۋە سەلبىي خۇلق ئەرنىڭ پاجىئەلىك ئىللەت ـ نۇقسىنى ھېسابلىنىدۇ». بىلىش كېرەككى، دۈشمەننىڭ سۆزلىرىگە ئەر چىدىسىمۇ، بۇ خىل سۆزنى ئۆز خوتۇنىدىن ئاڭلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خوتۇنىنىڭ ئۆز ئېرىنى مەسخىرە قىلىشى، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتۇر. تەربىيىلىك خوتۇن باشقا خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مەنسەپ ۋە بايلىقى، باشقا خوتۇنلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتلىرىگە يەڭگىلتەك خوتۇنلاردەك ھەۋەس قىلىپ، ئۆز ئېرىنى ئازابلىمايدۇ. ئۆزگىلەرگە كۆزى قىزىرىش مەنىۋى تۇرالغۇسىزلىق، ئاچ كۆزلۈكتۇر. ئەركەك بۇنداق ئايالدىن ئەمىن ۋە مەمنۇن بولالمايدۇ.

ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا ـ ئانا ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئىبارەت. ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاتا ـ ئانا بولۇش مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئائىلە ئاپەتلىرىنىڭ ئىچكى يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر ـ ئاياللىڭ مەدەنىيەت دەردجىسى بىر مەسىلە، ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق يەنە بىر مەسىلە.

ئېيتىش كېرەككى، ئۆز ھەمراھىنىڭ كەسپى، قىزىقىشى، ئىجادىيىتىگە يېقىنلىشىپ، ھەمكارلاشقان ئەر ياكى خوتۇن ئەقىللىق، كۆيۈمچان، مەدەنىيەتلىكتۇر. ئەكسى ھالدا ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىقىنى، نېمىدە ئىجادىي ئەمگەك قىلغىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىخەۋەر، ھەتتا ئۇنىڭغا سەلبىي نەزەردە قارايدىغان ئەر ياكى خوتۇن جاھىل، نادان، مەدەنىيەتسىزدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، بۇ مەسىلىدە ئەركەكنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ كەسپىي قىزىقىشى، جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىك پائالىيىتى، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى ياكى روھىي ھالىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ھەتتا «ئايال ـ ئۆي ئادىمى»دەپ قارىشى، بىر قەدەر ئومۇمىي، بىر قەدەر ئېغىر بۇ ئەھۋال گەرچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئانچە قىزىقمايدىغان ئاياللاردا نارازىلىق پەيدا قىلمىسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ھەتتا جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قارىتا ئەقىدە ۋە ئىنتىلىشكە ئىگە ئاياللاردا كۈچلۈك نارازىلىق قوزغايدۇ. بۇ ئۇلار ئېيتقاندەك مىللەتنىڭ ئىجابىي ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى بوغۇشتىن ئىبارەت.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

---

بۇ ئەسەر مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەد ئەمىننىڭ «ئائىلە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

# بىبىخانىم رىۋايىتىدىن ئەمىر تۆمۈر باغلىرىغىچە





دىلاۋەر پادىشاھ—ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران بىلەن ئۇنىڭ مېھرىبانى—سەلتەنەتنىڭ تەربىيەت ئانىسى، ئەخلاق ۋە ھىدايەتنىڭ بۈيۈك نوپۇزى قەدىردان بىبىخانىم (مەلىكە سارايمۇلك) توغرىسىدا بۈيۈك تۆمۈرىيلەر تارىخىنى بويلاپ سانسىزلىغان ئىزلار—ئاجايىپ ۋاقىئەلەر، ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سېلىپ تۇرىدىغان ئىلھامبەخش ئۆگۈتلەر بىزگە مىراس ۋە دەرس بولۇپ كەلمەكتە. ھۆرمەتلىك بىبىخانىمنىڭ خۇلقى ۋە سائادىتىگە بېغىشلانغان بىر قانچە ئەپسانە بىلەن ئەمىر تۆمۈر باغلىرىنىڭ تەسۋىرلىك خاتىرىسى تەبىئەتنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا تىلەكلەر سۆزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە يەنىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەقلىگە ئىشارەت جەڭ - جېدەللەر بىلەن ئېلىنغان مەملىكەتلەردىن بىرىنىڭ ئاھالىسىنى ئىتائەت قىلدۇرالمىغان ئەمىر تۆمۈر تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزى چارە تاپالمىغاندىن كېيىن ۋەزىرلىرىگە مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلەرمۇ ئويلاپ ھېچ ئىلاج تېپىشالماپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەمىر تۆمۈر يەنە بىر مەملىكەتنى بويسۇندۇرۇپتۇ ۋە بۇ دۆلەتنى باشقۇرغان كونا ئەمەلدارلارنى ئورنىدا قالدۇرۇپ باشقا يۇرتلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش باشلاپتۇ.

ئەمما، بويسۇندۇرۇلغان مەملىكەتنىڭ خەلقلىرى جاھانگىرنىڭ قوشۇنلىرى كېتىشى بىلەن تەڭ، غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ ئىسيان قىلىشىپتۇ. قىلىچلارنىڭ ئاۋازلىرى يەنىلا پەسەيمەپتۇ. ئەمىر تۆمۈر ئويلىغانسېرى بېشى قېتىپ، ئاخىر سەمەرقەندتە قالغان ئەقىللىق خوتۇنىغا مەكتۇپ يېزىپتۇ. چاپارمەن ھەر قىشلاق ۋە كەنتلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ، ئۇيقۇ ۋە ئارامىلىرىنى ئۇنتۇپ، كېچە - كۈندۈز

يول بېسىپ سەمەرقەندكە يېتەي دېگەندە ئـازراق ئـارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كەپتۇ: «ئەمىر تۆمۈر بىبىخانىمنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرمىدى. بۇ خەتتە ساھىبقىران خوتۇنىغا بېغىشلاپ غەزەل يازغان بولسا كېرەك، ئوقۇپ كۆرسەم ئۇنى بىلىپ قالامتى؟» دەپ ئويلاپ ئۇنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆرۈپتۇ. ئوقۇسا غەزەل ئەمەس، بـار ـ يـوقى ئىككى جۈملە: «ئالغان مەملىكىتىمنىڭ خەلقىنى ئىتائەتتە تۇتماقتا ئىلاج قىلالمايۋاتىمەن. قانداق مەسلىھەت بېرەسەن؟» دەپ يېزىلغانىكەن. چاپارمەن سەمەرقەندكە يېتىپ بېرىپ، كۆكسارايغا كىرىپ مەكتۇپنى بىبىخانىمغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ خەتنىڭ ئېچىلغانلىقىنى دەرھال بىلىۋاپتـۇ. «ئەگەر جاۋاب يازسام بۇ جىنىدىن تويغان يەنە ئېچىپ خەتنى ئوقۇيدۇ. شۇنداق قىلىشىم كېرەككى، ئېيتىدىغان سۆزلىرىمنى ساھىبقىرانغا بۇ ئۆز ئېغىزى بىلەن يەتكۈزسۇن. لېكىن نېمە دېيىلگەنلىكىنى ئۆزى بىلمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ، ئاندىن بىبىخانىم خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ:

ـــ سىلەر بېرىپ پالان يەردىكى ئورمانلىقنىڭ بارچە دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاڭلار!ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە ھېلىقى چاپارمەننىمۇ ئۇلارغا قوشۇپ يولغا سېپتۇ. خىزمەتچىلەر توپلىشىپ بېرىپ ھېلىقى دەرەخلەرنىڭ بىرنىـمـۇ قالدۇرماي كېسىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بىبىخانىمدىن: «ئەمەدى يەرنى تەكشىلەڭلار» دەپ بويرۇق كەپتۇ. خىزمەتچىلەر يىلتىزلارنى قومۇرۇپ يەرلەرنى تەپتەكشى قىلىپ تەييارلاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بىبىخانىمدىن تەكشىلەنگەن يەرگە ياش كۆچەتلەرنى تىكىش ھەققىدە پەرمان كەپتۇ. كۆچەتلەر سېلىنىۋاتقاندا بىبىخانىمنىڭ ئۆزىمۇ كېنىزەكلەرىنى باشلاپ يېتىپ كەپتۇ ۋە باشقىلارغا قوشۇلۇپ كۆچەت قويۇپتۇ. بۇ ئىشلار ئاخىرلىشىپ بولغاندا بىبىخانىم چاپارمەننى چاقىرىپ: «يولغا چىقىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، ئاتلان» دەپتۇ. چاپارمەن ھەيران بوپتۇ ۋە «ساھىبقىرانغا جاۋابنامە يازمامسىز؟» دەپتۇ. بىبىخانىم: «ياق، يازمايمەن، سەن ساھىبقىرانغا بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنى بىـر باشتىن سۆزلەپ بەرسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ. چاپارمەن يەنە ھەر قىشلاق ۋە ھەر بازارلاردا ئات ئالماشتۇرۇپ، بىر ئاي دېگەندە مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىنى تۇت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تېزلىنىپتۇ.

ـــ خوش...! خەت ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ـــ دەپ سوراپتۇ ئەمىر تۆمۈر.

ـــ ياق، مەلىكەم جاۋاب خەت يازمىدى، پەقەت «بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنى بىر باشتىن سۆزلەپ بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ ئېيتتى، ـــ دەپتۇ چاپارمەن ھۆكۈمدارنىڭ كۆزىگە قاراشتىن ئەيمىنىپ. ئەمىر تۆمۈر دەرھال چاپارمەننىڭ قىلمىشلىرىنى پەملەپتۇ. بىراق، ئۆزىنى ھېچ نەرسە سەزمىگەنگە كۆرسىتىپ بۇيرۇپتۇ.

ـــ خوش! نېمىلەرنى كۆردۈڭ، ئېيت!

چاپارمەن سەمەرقەندتە بىبىخانىمنىڭ توقايلىقتـىـكى دەرەخلەرنى كېسىپ، يىلتىزىنى قومۇرۇپ، يەرنى تەكشىلەپ، ياش كۆچەتلەرنى قويدۇرغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەمىر تۆمۈر بىبىخانىمنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى يەتكۈزمەكچى بولغانلىقلىرىنى ئاڭقىرىپتۇ ۋە ھاياجانلىـنىـپ كېتىپ چاپارمەننى جازالاشنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. بىبىخانىم جاھانگىر ئېرىگە بويسۇندۇرۇلغان مەملىكەت ئاھالىسـىـنى ئىتائەتتە ساقلاش ئۈچۈن ئاشۇ يۇرتنىڭ مەنسەپدار ئاقساقاللىرىنى خىزمەتتىن پۈتۈنلەي چەتنىتىپ، ئـۇلارنـىـڭ ئورنىغا ياشلارنى تەينلەش ھەققىدىكى مەسلىھەتنى مانا مۇشۇ تەرىزدە يەتكۈزگەن ئىكەن. ئەمىر تۆمۈر بىبىخانىم ئېيتقاندەك ئىش تۇتۇپتۇ. ئۆزى ئالغان مەملىكەتلەرنىڭ ئالىي مەنسەپلىرىدە ئولتۇرغان ئاقساقاللاردىن بـىـرىـنى سۈرگۈن قىلىپ، بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى زىندانغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياشلارنى تەينلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەملىكەت ئاھالىسى بېشىنى ئىتائەت ئاستىدا تۇتىدىغان بوپتۇ.

### ياشلار قەلبىنىڭ ئانىسى

ئەمىر تۆمۈر خۇددى قارا بوراندەك باشقا مەملىكەتلەرنىڭ تۇپرىقىغا بېسىپ كىرىپ، جەڭ ـ جېدەللەر بىلەن بۇلۇپ كەتكەن چاغلىرىدا بىبىخانىم سەمەرقەند سەلتەنەتىنى باشقۇرۇپ ئۆتكەنىكەن. مانا شۇنداق چاغلاردا تۆمۈرنىڭ پايتەختىدە ئاسايىشلىق، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتپەرۋەرلىك قارار تېپىپ، مەلىكىنىڭ ھىمايىسى ۋە مەدەتكارلىقى بىلەن يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ شەھەرنىڭ قىياپىتىدە گۈزەل مەنزىرىلەر، كىشىلەر كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدىغان يېڭى قىياپەتلەر بارلىققا كەلدى. ھەيـۋەتـلـىـك

بىنالاردىن باشقا ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىگە ئىلتىپاتلار كۆرسىتىلدى ۋە ھىمايەت قىلىندى. مەدرىسىلەر سېلىندى. ئەقىللىق مەلىكە ئۆزىنىڭ پاناھىدىكى پۇقرالارنىڭ دىلىدا يوشۇرۇن تۇرغان سىر ۋە ئەسرارلىرىنى بىلىش ئۈچۈن، ئادەملىرىنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى ئەرەنچە كىيىملەرنى كىيىپ شەھەرلەرنى ئايلىناتتى. ئۇ ئاۋۋال بازار ۋە مەيدانلارغا بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئىختىيارەن قىلىشقان گەپلىرىنى، مازارلارغا بېرىپ شۇ كۈندىكى ئۆلۈم - يېتىمگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ باراتتى. ئەرز قىلغانلارغا، ھال ئېيتقۇچىلارغا خانلىقنىڭ خەزىنىسىدىن پۇل - ماللارنى ئاجرىتىپ بېرىپ يولغا سالاتتى. يۇلتۇزلار پەلەك سەھنىسىنى يورۇتۇپ تۇرغان باش ئەتىيازنىڭ بىر كېچىسى بىبىخانىم ئۆزى سالدۇرغان مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈرۈش ئىشلىرىدىن ۋە باشقا ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەدرىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. ھويلىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇجرىلارنىڭ بىرىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ نەپەر بالا موللىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇلار كىتاب ۋە قەلەملىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىر - بىرىگە ئېيتىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى بىبىخانىمنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى—ئۇزاق تاغ قىشلاقلىرىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلىرىنى ۋە نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ. قارىسا ئۇ، ھۆسنى - تۇرقى قىزلارنىڭ چۈشىگە كىرىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر بىر ئارماننى ھەۋەس بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

—ئىھ! ۋاقتىكىم، ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ مۇشۇ بوستانسارايىنىڭ داستىخىنىسىدىن نازۇ نېمەتلەرنى تېتىپ كۆرگەن بولسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالماس ئىدى،—دەيتتى. ئىككىنچى بىر تالىپ—كېلىشكەن، قامەتلىك بولۇپ، ئوقۇشتىن كۆرە كۆپرەك ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ خۇش سۈپەت، زوقلىنىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ سۆزلەيتتى:

—ھەي... بىبىخانىمدەك ساھىبجامال مەلىكە مېنىڭ مەشۇقۇم بولۇپ قالغان بولسا، دۇنيادىن ئارمانسىز ئۆتەتتىم!—ئۇ بۇ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بولۇپ كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ - دە، بىرىنچى شېرىكى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىندىمەي ئاڭلاپ تۇرغان ئۈچىنچى شېرىكىگە تىكىلىپ قاراپتۇ. ھېلىقى ئۈچىنچى تالىپنىڭ بولسا ساۋاق ئېلىشتىن كۆرە قىلىچ ئويناشقا بەكرەك كۆڭۈل بولىدىغانلىقى كۆزلىرىنىڭ ئويناشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دوستلىرىغا:

—ھەي...! شۇمۇ ئارزۇ بولدىمۇ، مەن ئەمىر تۆمۈردەك بۈيۈك ساھىبقىران بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن،—دەپتۇ. ئاخىر دوستلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچقانچە قالغانلىقلىرىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ،—ئاشۇ چاغدا،—دەپتۇ، بىرىنچى دوستىغا قاراپ،—سەن ئارزۇ قىلغان نازۇنېمەتلەرمۇ ۋە سەن... ئارزۇ قىلغان بىبىخانىممۇ مېنىڭكى بولىدۇ،—دەپتۇ. دوستلىرىنىڭ قايىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زوق بىلەن كۈلۈپ كېتىپتۇ. تالىبلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىبىخانىم بىردەم ئويلىنىپ قاپتۇ - دە، گەپ - سۆز قىلماي مەدرىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىپ سەمەرقەند مۇنارلىرىنىڭ ئالتۇن ھەللىك نەقىشلىرىدە قۇياش نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، قاپاقلىرىدىن قار يېغىپ تۇرغان ئۈچ نۆكەر مەدرىسىگە كىرىپ كېلىپ، كېچىسى بىر - بىرى بىلەن سىردىشىپ چىققان ئۈچ تالىپنى بوستانسارايغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىشنىڭ نېمە سەۋەبلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرغان ئۈچ يىگىتنىڭ يۈرەكلىرى ۋەھىمىگە تولۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ، «نېمە گەپ؟» دېگەندەك تەشۋىش بىلەن قاراپ تۇرغاندا، ئۇلارنى بىبىخانىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ. سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان بىبىخانىمنى كۆرگەندە تالىبلار تەزىم بەجا كەلتۈرۈشۈپتۇ. كېيىن «ئەمدى نېمە ئىشلار بولاركىن؟» دېگەن سۇئاللارنىڭ ئىلكىدە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشۇپتۇ. بىبىخانىم تەختتە ئولتۇرۇپ:

—ئارزۇلىرىڭلار بولسا، ماڭا سۆزلەڭلار. قولۇمدىن كەلسە ئورۇنداپ بېرىمەن،—دەپتۇ.

توساتتىن بېرىلگەن بۇ سۇئاللاردىن بىر ئاز ھودۇقۇپ قالغان تالىبلارنىڭ خىيالىغا تەڭلا بىر ئوي كېلىشىپتۇ.

ئاخشامقى سۆھبەتلىرىمىزنى ساراي خۇپىيانلىرى ئاڭلىۋېلىپ مەلىكىگە يەتكۈزۈشۈپتۇ...! تالىپلار ئەمدى تۈگەشتۇق، دەپ ئويلاپ لاغ - لاغ تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار جانلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان چاغدا، مەلىكە تەختتىن چۈشۈپ بوستانساراي داستىخىنىنى، نازۇ-

نېمەتلەرنى ئارزۇ قىلغان بىرىنچى تالىبقا قاراپ:

ــــسېنىڭ ئارزۇيىڭغا يەتمىكىڭ مۇشكۇل ئــەمــەس. بۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ساراي ئاشپىزىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپ قويىمەن. ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ساراي تائاملىرىدىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقىنىمۇ بېرىمەن،ــــ دەپــتــۇ.

مەلىكە ئاستا چاۋاك چالغانىكەن. ئالدىدىن تەييارلاپ رازى ـ رىزالىقى ئېلىنغان ساراي ئاشپىزى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ھەمدە موللىنى باشلاپ كىرىشىپتۇ ۋە شۇ زاماتىنىڭ ئۆزىدىلا نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. كېيىن مەلىكە «بىبىخانىمدەك ساھىبجامال خوتۇنۇم بولسا ئىدى» دەپ ئارزۇ قىلغان يىگىتكە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

ــــمەن بۈيۈك ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ جۈپتى ـ ھالالىدۇر مەن، بىراق، گۈزەل بىر كېنــىزىــكــىم بــار، ھۆسن ـ جامالى ماۋەرائۇننەھىر ۋە خۇراساندىلا ئەمەس، بەلكى، شام ۋە ئىراقتىمۇ تەڭدىشى يوق، ئاشۇ ساھىبجامال سېنىڭ ھالالىڭ بولسۇن،ــــ بىبىخانىم ئاستا چاۋاك ئۇرغانىكەن. ھۆسن ـ جامالى قارىغۇ كۆزىنى ئېچىشــقــا، ئوچۇق كۆزنى قارىغۇ قىلىشقا قادىر بىر گۈزەل قىز كىرىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئېسى ئېغىپ كېتىشكە تاس قىلىپتۇ. موللام بۇ كېنىزەكنى تالىپ يىگىتكە نىكاھلاپ قويۇپتۇ.

ــــسىلەرگە كانىگىلدىكى بېغىمنى ئىنئام قىلىمەن،ــــ دەپتۇ مەلىكە كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلغا، ــــ بۈگۈن ئاخشام ئاشۇ جايدا توي بەزمىسىنى قىلغايمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن بەختتىن مەست بولــۇپ تــۇرغــان دوستلىرىغا تەكەببۇرانە ھالدا قاراپ تۇرغان، تۆمۈردەك بۈيۈك ساھىبقىران بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئۈچىنچى يىگىتكە قاراپ بىبىخانىم شۇنداق دەپتۇ:

ــــسېنىڭ ئىشىڭ بۇلارنىڭكىدىن ئاسانىراق،ــــمەلىكە بۇ سۆزنى ئېيتىپ بىر ئاز سۈكۈت قىپتۇ ـ دە، يەنە سۆزلەشكە باشلاپتۇــــ بەلكى ئېغىرراقتۇر.

مەلىكە ئۈچىنچى قېتىم چاۋاك ئۇرغانــكــەن، خــاس نۆكەرلەرنىڭ بىرى قىلىچ بىلەن ساۋۇت ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە يىگىتكە قاراپ:

ــــئەمىر تۆمۈرنى ساھىبى سەلتەنەت قىلغان مانا مۇشۇ قىلىچ بىلەن ساۋۇتى ھەمدە يۈرىكىدىكى يالقۇن. مەن ساڭا قىلىچ بىلەن ساۋۇتنى ئىنئام قىلىمەن، يۈرىكــىڭــدە ئوت بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۆزۈڭگە باغــلــىق،ــــ دەپتۇ. تېز ئارىدا سارايدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر پۈتۈن سەلتەنەتكە يېيىلىپتۇ. يەتتە كۈن دېگەندە قىرىق كۈنلۈك مۇساپىدە تۇرغان ئەمىر تۆمۈرنىڭ قۇلاقلىرىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ۋە ئۈچ تالىپ ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان جاھانگىر، خوتۇنىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە يەنە بىر قېتىم تەھسىن ئوقۇپتۇ ۋە ھاياجىنىنى باسالماي تەبەسسۇم قىلىپتۇ. سەمەرقەندتىن چىققــانــدىن بېرى ئەمىر تۆمۈرنىڭ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرمىگەن بايلار بۇ سىرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەي باشلىرى قېتىپتۇ.

## كۆزلەر شۇنداق سۆزلىشىدۇ

قازانخان بوۋىسى چىڭگىزخانغا ئوخشاش شاھانە قەسىردە ئولتۇرۇپ بەزمى جەمشىد قىلىشتىن ئات مىنىپ ئوۋغا ياكى دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ قىلىچ چېپىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەمما سۆيۈملۈك خوتۇنى ئۇنىڭغا قىز تۇغۇپ بەرگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇ بۇ ئادەتلىرىنى تاشلاپ كېچە ـ كۈندۈز ئۇ قىزى بىلەن ئاۋۇنۇشنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كىبلەچەكتە قىزىم بىر ساراي مۈلكى بــولــسۇن، دەپ پەرزەنتىگە سارايمۈلك خانىم دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ۋاقىت قازانخان قىران ۋاقىتلىرىدا يولۋاسقا قارىتىپ ئاتقان ساداقنىڭ ئوقىدەك تېز ئۇچۇپ، سارايمۈلك خانىم ئون ئالتە ياشقا تولۇپتۇ. ياش خانقىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرگەنلەرنىڭ ئەس ـ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ تىلى گەپكە كەلمەي قالىدىكەن. ئاشۇ دەۋرنىڭ شائىرلىرىدىن بىرى: «ئەگەر ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولساق، ئاجىز قېلىپ، گۇناھكار بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، چۈنكى قىزنىڭ لاتاپىتىنى تەرىپلەشكە قادىر كېلىدىغان سۆزلەر دۇنيادا يوقتۇر» دەپ ئېيتقانىكەن. ئون ئالتە ياشلىق ساھىبجامال مەغرۇر، ئــۆزىــگــە ئۆزى مەپتۇن ئىدى. ئاياغلىرىدىكى كۈمۈش ھالقىلىرىنى جاراڭلىتىپ ساراي بېغىدا ئويناپ يۈرسە نى ـ نى يۈرەكلەر كۈمۈش ھالقىلارنىڭ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن ئايرىلىدىكەن. قازانخان سۆيۈملۈك قىزىنىڭ بويىنىڭ يېتىلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شام ـ ئىراق، چىن ۋە ماچىن، دەشتى قىپچاق ۋە سەقلاپ، خۇراسان ـ ھىندىستان تەرەپلەرگە كارۋانلارنى ماڭدۇرۇپ، ئەڭ ئېســل دۇررى

گەۋھەرلەرنى، قىممەت باھالىق تاقىنچاقلارنى ۋە مەخسۇس لىباسلارنى كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلىپتۇ. كارۋانلار بۇيرۇغان بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەنە مىسىر ۋە پارس، رۇم ۋە يۇنان تەرەپلىرىگە كارۋانلارنى ماڭدۇرۇپ، ئۇ يەرلەردىن يەنە يېڭى تاقىنچاقلارنى ۋە يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدىكەن.. زەرباپ قەبالەر، زەررىن پېشانە باغلار، يىپەك كەمزۇللار، دۇر قادالغان كەمەر بەنلەر، سەدەپ بىلەن بېزىتىلگەن تىللا كاۋۇشچىلار، بەھەل بەلبۇرمە كۆڭلەكلەر بىلەن كەلگەن كارۋانلار توپتوغرا قازانخاننىڭ قەسرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدىكەن. دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى قىقىلىپ ـ سوقۇلۇپ قازانخاننىڭ مەنزىلىگە كېلىشىدىكەن، گېنۇيالىقلار، ئورۇسلار، قارا بەلۋاغ باغلىغان ئەرمەنلەر، پېشانىلىرىگە خال قويۇۋالغان ھىندىلار، بەللىرىگە چۇلۇۋۇر باغلىغان جوھۇتلار قازانخاننىڭ قەسرىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشىدىكەن، ئۆز ـ ئارا ياقىلىرىنى بوغۇشۇپ جاڭجاللىشىدىكەن. سارايمۇلىك خانىم ئون ئالتە ياشقا تولغان كۈنى خان ئۆز قىزىغا مۇناسىپ كۈيئوغۇل ئىزدەشكە باشلاپتۇ. شۇ مەقسەت بىلەن قىرىق بىر مەملىكەتكە ئادەم ماڭدۇرۇپ شاھزادىلەرنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چىللاپتۇ. ئەمما كەلگەن شاھزادىلەرنىڭ بىرىنى قىزى ياقتۇرماي، قالغانلىرىنى بولسا خان ئۆزى ياقتۇرماي ھەممىسى رەت قىلىنىپ نائۈمىد قايتىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جەسۇرلۇقى ۋە دانالىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەمىر تۆمۈر ئۇنىڭ سارىيىغا كىرىپ كەپتۇ، بۇ تەشرىپتىن خاننىڭ ئۆزى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزىغا باھاسى بىر شەھەرنىڭ خىراجىغا تەڭ شاھانە لىباسلارنى كىيگۈزۈپ، بىر ۋىلايەتنىڭ خىراجىغا تەڭ كېلىدىغان تاقىنچاقلارنى تاقىتىپ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەمىر تۆمۈر قىزغا قاراپ «ياق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپتۇ. قازانخان «ئەمىرگە قىزىم ياقمىدى» دەپ ئويلاپ خاپا بولۇپتۇ. لېكىن ئۈمىد ئۈزمەپتۇ، قىزىنى مەملىكەتنىڭ بىر يىللىق خىراجىغا تەڭ كېلىدىغان، تېخى كۆز كۆرمىگەن لىباس، زەر ـ زىۋەرگە ئوراپ يەنە نەۋقىران ئەمىرگە كۆرسىتىپتۇ. ئەمىر تۆمۈر يەنە «ياق» دېگەندەك باش چايقاپتۇ. راسا ئېسەنكىرىگەن قازانخان خىزمەتكارلىرىغا بارلىق تاقىنچاقلارنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى بولسا قىزى تاقىغان تاقىنچاقلارنى يولۇپ ئېلىشقا باشلاپتۇ. سارايمۇلىك خانىم بىر پەستە ئاددىي ئاق كۆڭلەكچى بىلەنلا قاپتۇ. شۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر «ماقۇل» دېگەندەك ئىپادە بىلەن باش لىڭشىتىپتۇ. قازانخان بولسا ئۇ يەردە ھەيران بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا سەمەرقەندنىڭ نەۋقىران ئەمىرى يەڭگىلغىنا ھالدا بىر تەزىم قىپتۇ ـ دە:

— خان، گۈزەللىككە تاقىنچاقلار ياراشمايدۇ! — دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاڭقىرىپ تۇرغان ئەقىللىق مەلىكە بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرىنچى قېتىم ئەمىر تۆمۈرگە قاراپتۇ. ئىككى كۆزنىڭ سۆھبىتى باشلىنىپتۇ. قىزنىڭ كۆزى دەپتۇ: «مەن ئاشۇ ئەركەكنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ قەيەرگە بارسا مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، ئۇ كىمنى سۆيسە مەنمۇ شۇنى سۆيىمەن. كىمنى يامان كۆرسە مەنمۇ شۇنى يامان كۆرىمەن. ئۇ قايغۇرسا قايغۇرۇپ، كۈلسە كۈلىمەن. ئۇ مېنى قىلىچ بىلەن ھىمايە قىلسا مەن ئۇنى مۇھەببىتىم بىلەن ئاسرايمەن.» يىگىتنىڭ كۆزى دەپتۇ: «سەن سەھرا گۈلىدەك دىلرەباسەن، ئايجامال، باھار يامغۇرلىرى يۇيغان گۈل ياپرىقىدەك يۈزلىرىڭدە زەررە داغ يوق. ئاياغلىرىڭدىكى كۈمۈش ھالقىلارنىڭ ئاۋازىنى يۈرىكىمنىڭ قوشىقىغا تەڭكەش قىلاي، ئايجامال، كۆزلىرىڭنىڭ تۈۋىدە جىمىرلاپ تۇرغان چوغنى يالقۇنغا ئايلاندۇراي، ئايجامال. سېنى تۇلپارغا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتەي، ئايجامال.»

قىزنىڭ كۆزى دەپتۇ: «سېنىڭ تۇلپىرىڭ — ئۇچقۇر، قىلىچىڭ كەسكۈر. قالقىنىڭ — ئوق ئۆتمەس. يۈرىكىڭ — ئوچۇق، ئەمما ئېتىڭنى مۇھەببىتىم قوغلاپ يەتكەي، قىلىچىڭ ساڭا باغلانغان كۆڭۈل يىپلىرىمنى كېسەلمەس، ئىشقىم ئوتى ساۋۇتىڭنى تېشىپ ئۆتكەي، يۈرىكىڭگە كىرەي بېگىم، ئۇنىڭدا نەچچە باھارلارنىڭ ساداسى بولسا مېنىڭكى بولسۇن، نەچچە قىشلارنىڭ سوغۇقى بولسا ئۇلارنى ئىسسىتاي، نەچچە كۆزلەرنىڭ ھەسرىتى بولسا كۆڭلۈمگە ئالاي، نەچچە يازلارنىڭ تەشنالىقى بولسا كۆز ياشلىرىمنى ئىچكۈزەي... مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت بېگىم، مەن ئۈچۈن كەلامىڭ بالدەك شېرىن بولسۇن، قولۇڭدىكى ھارارەت كۆكسۈمدىكى قورقۇنچنى ئېرىتسۇن، خۇدۇكنى قوغلىسۇن.»

يىگىتنىڭ كۆزى دەپتۇ: «سەن سەھرانىڭ كىندىكىدىكى گۈلزارسەن ئايجامال، شۇ گۈلزارنىڭ تىكەنلىرى مېنىڭكى، كۆزلىرىڭ بىر جۇپ يۇلتۇزدەك، لەۋلىرىڭ گۈل بەرگىدەك، قامىتىڭ شەمشادتەك... كەلامىڭ تاتلىق، رەپتارىڭ لاتاپەتلىك، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ياشارغان بىر يىگىتمەن، بورانلار قوينىدا ئاداشقان يولۇچىمەن، دۇنيالار ئىچىدە ياشىغان كىچىككىنە زەررەمەن، ئەمدى سەن يالقۇن بول، بوران بول، دۇنيابول ئايجامال». قىزنىڭ كۆزى دەپتۇ: «سىنىڭ تاۋۇشىڭنى ئاڭلاپ دۇنياغا كەلگەندەكمەن، سەن يېقىپ قويغان چىراغنى كۆرۈپ يول تاپقاندەكمەن. سەن ئېيتقان سۆزنى ئىزدەپ يۈرگەندەكمەن. ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ كەلدىم، ئەمدى قانداق كېتەي، سەن ياندۇرغان چىراغنى تاپتىم. ئەمدى قەيەرگە كېتەي، سەن ئېيتقان سۆزنى ئاڭلىدىم. سىنى قانداق ئۇنتاي، بېگىم؟» ئەمىر تۆمۈر ئاۋازىنى چىقىرىپ:

— خان، گۈزەللىككە تاقىنچاقلار ياراشمايدۇ! — دەپتۇ، كۆزلەر گەپلەشكەندە سۆزلەر ئاجىز قالىدۇ.

كۆزلەر گەپلەشكەندە مۇھەببەت تەرجىمانلىق قىلىدۇ. كۆزلەر گەپلەشكەندە دۇنيانى سۈكۈنات باسىدۇ. دىل دېڭىز بولسا، كۆز شۇ دېڭىزنىڭ سۈيىنى يورۇق دۇنياغا ئىنئام ئېتىۋاتقان بۇلاقدۇر. كۆزلەر سۆزلەشكەندە ئۇلار دىللارنى ھەم ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئۇچىدۇ. يەردىكى دەشتى ياۋشەنلىرىنىڭ ئىسلىرىمۇ قەسىرگە كىرىش ئۈچۈن نۆۋەت تالىشىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىمۇ، قەسىر ئارقىسىدىكى يايلاۋدا بىر ـ بىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئارغىماقلارنىڭ كىشنەشلىرىمۇ، قازانخانىنىڭ ھەيرانلىق نەزەرلىرىمۇ ئۇلارغا ناتونۇش ئىدى.

كۆزنى يۇمغىن، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل...

خۇرشىد دەۋراننىڭ «ساھىبقىران نەبىرىسى» دېگەن كىتابىدىن

تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئوقۇرمەنلەرگە سالام

2004

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزاق، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ئەڭ چوڭ، باھاسى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ساپ ئەدەبىي ژۇرنال. «تارىم» ژۇرنىلى خەلقىمىز قەلبىدە مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە ۋە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە شۆھرەتلىك ژۇرنال! «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كامالىتىگە، ساپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېرىن پاساھىتىگە، سەنئەتنىڭ سېھرىي كارامىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر ژۇرنال! «تارىم» ژۇرنىلى جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى، ئىلغار فولكلورى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئادەمگە ئالەمنى تەسەددۇقلايدىغان قالتىس ژۇرنال! «تارىم» ژۇرنىلى تۇرمۇشنىڭ رەڭمۇرەڭ كۆرۈنۈشلىرىدە ھايات ھەقىقەتلىرىنى نامايىش قىلىدىغان، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدىغان كاتتا ژۇرنال!

«تارىم» ژۇرنىلى ئانا تارىم بوستانلىقىدا ئەلمىساقتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ دىل جۇلاسى، تىل ناۋاسى ھەم جۇشقۇن يۈرەك ساداسىدۇر.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تارىملىقلارنىڭ پۇشتى ۋە تارىم پەرزەنتى ھېسابلىسىڭىز، ئۆز شەجەرىڭىز، ئۆز ھېكايىڭىزنى قايتا ۋاراقلاپ، ھاياتىڭىزغا تېخىمۇ يورۇق ئىقبال ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئۇيغۇرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان «تارىم» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ، ئۆمۈربويى ئوقۇڭ. دەۋر روھىغا تويۇنغان، ئانا تىل، ئانا يېزىقىڭىزدىكى ساپ ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بۇ كاتتا بەدىئىي قامۇسىنى ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىگە تەۋسىيە قىلىڭ! چۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى ھايات سەپىرىڭىزگە رەھنەمالىق، روھىي رەنجىڭىزگە داۋائى شىپالىق، يالغۇزلۇقىڭىزغا يارۇ دىلرەبالىق ئاتا قىلىدۇ، كۆزىڭىزگە نۇر، كۆڭلىڭىزگە ھوزۇر، ئۆزىڭىزگە غورۇر بېغىشلايدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 66 ـ 58، يەككە باھاسى بەش يۈەن، يېرىم يىللىقى 30 يۈەن، بىر يىللىقى 60 يۈەن.

ھۆرمەت بىلەن:

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



MIRAS

# بوتۇلكا بىلەن نامراتلارنى يۆلەش

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ياڭگۇەيۈەن كەنتىنى كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى قىلىپ تەقسىملەپ بەردى. ياڭگۇەيۈەن كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان بىر تاغلىق كەنت بولۇپ، ھۆكۈمەت ھەر يىلى نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇلارغا ياردەم قىلاتتى. كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرى كونىراپ، ئۈستىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، شامال چىقسىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە بولۇپ، بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغانىدى. ناھىيىنىڭ مەقسىتى كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مالىيىسىدىن كۆپرەك پۇل ئاجرىتىپ، بىرەر تۈرنى تۇتۇپ ياڭگۇەيۈەن كەنتىنى تېزلىكتە بېيىتىش ئىدى.

كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى كۇ ئىدارە باشلىقى ئۆزى مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تۇتۇپ، ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىرسىدىس، سانتانا، ئاۋدى دېگەندەك ئېسىل ماشىنىلار بىلەن ھەيۋەتلىك ماشىنا ئەترىتىنى تەشكىللەپ ياڭگۇەيۈەن كەنتىگە يېتىپ كەلدى. رەھبەرلەر خىزمەتلەرنى مەخسۇس كۆزدىن كەچۈردى. تېلېۋىزوردا دوكلات بەردى ھەم ناھىيىگە بۇ خىزمەتلەر توغرۇلۇق مەخسۇس دوكلاتلارنى يوللىدى. بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەنمەي، ياڭگۇەيۈەن كەنتى بۇرۇنقى پېتىچە نامرات تۇرۇۋەردى.

بىر كۈنى كۇ ئىدارە باشلىقى ئىدارىنىڭ تاماقخانىسىدا تاماق يېگەچ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا، كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئالدىراپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. كۇ ئىدارە باشلىقى ئۇنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىر پەس پىچىرلاشتى. ئەسلىدە، ياڭگۇەيۈەن كەنتىنىڭ كەنت مۇدىرى بىلەن كەنتتىكىلەر-

نىڭ ۋەكىللىرى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى رېمونت قى-
لىش ئىشى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئو-
رامىدىن قارىغاندا، كەنتتىكى بالىلارنى قىيناۋەرسە، ماڭا-
رىپ يەنە نامرات پېتىچە كېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى،
بىراق كەنتنىڭ مەكتەپنى ياساشقا ئاجرىتىدىغان مەبلىغى-
نىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن
سەدىقە تىلەپ كەلگەنلىكىنى ئىشخانا مۇدىرى كۆ ئىدارە
باشلىقىغا ئېيتتى.

كۆ ئىدارە باشلىقى خۇشياقمىغاندەك قىلىپ، شالىسىنى
چاچرىتىپ تۇرۇپ:

—سىز ئۇلارغا بۇ يەرنىڭمۇ قىيىنچىلىقى بارلىقىنى
دېمىدىڭىزمۇ؟—دېدى.

سۇڭ مۇدىر:

—ياڭگۇەيۇەن بىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىمىز
تۇرسا، ئۇلارنى ئۇنداق دەپ يولغا سالساق ئانچە ياخشى
بولماس، ئازراق بولسىمۇ بىرەر ئىش قىلساقمىكىن،—
دېدى. كۆ ئىدارە باشلىقى:

—پۇل ئاجراتقىلى بولمايدۇ، سىز بىر ئامال قىل-
مامسىز؟—دېدى.

سۇڭ مۇدىر:

—ئىشخانا راسخوتىدىن ئازراق چىقىم قىلساق بول-
ماسمۇ؟

كۆ ئىدارە باشلىقى:

—بولمايدۇ! قەغەز - قەلەم بولمىسا، بىز نېمىنى
ئىشلىتىمىز، قولىمىز بىلەن خەت يازىمىزمۇ؟

سۇڭ مۇدىر:

—ماشىنا مېيىنىڭ راسخوتىدىن ئازراق چىقىم قىلساق
بولماسمۇ؟

كۆ ئىدارە باشلىقى:

—بولمايدۇ، ماي بولمىسا ماشىنىغا نېمە قۇيىسىز!—
سۇ قۇيامدۇق؟

سۇڭ مۇدىر:

—كۈتۈۋېلىش راسخوتىدىن ئازراق چىقىم قىلساق
بولماسمۇ؟

كۆ ئىدارە باشلىقى:

—بولمايدۇ! رەھبەرلەر كېلىپ قالسا نېمە يەيدۇ،
شامال يەمدۇ؟ سىزنىڭ باشقا ئامالىڭىز يوقمۇ؟—دېدى.

سۇڭ مۇدىر ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە:

—ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى بىرلا ئامال قالدى. بولا-
مدۇ - بولمامدۇ، بۇنى بىلمىدىم—دېدى.

كۆ ئىدارە باشلىقى:

—تىلىڭىزنى چاينىماي دېمەمسىز، ئۇلارغا پۇل كې-
رەك ئىكەنغۇ - شۇ؟—دېدى.

سۇڭ مۇدىر:

—ئاشخانىمىزنىڭ كەينىدە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان
دۆۋىلىنىپ قالغان بىر دۆۋە قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىسى بار،
شۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بەرسەك، سېتىپ ئىشلەتسۇن-
مۇ - يا!—دېدى.

كۆ ئىدارە باشلىقى:

—قالتىس! قالتىس! يارايسىز شياۋسۇڭ، سىز كۆز
ئالدىمىدىكى بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەردىڭىز، بول-
مدۇ، مۇشۇ بويىچە قىلايلى!—دېدى.

بۇ قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
ماۋتەي، ۋۇلياڭيې، لۇئىس V X ، رېمي، مارتىن قاتارلىق
ئېسىل ھاراقلارنىڭ بوتۇلكىلىرى ئىدى، بۇ ھاراق بو-
تۇلكىلىرىنى ياڭگۇەيۇەننىڭ ئېشەك ھارۋىلىرى يېرىم
كۈن توشۇپ، 200 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا سېتىپ، كەنت
مۇدىرى بىلەن كەنت ۋەكىللىرىنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى
قۇلىقىغا يەتتى.

كەنتتىكىلەر بۇ پۇلغا بەش سىنىپلىق چىرايلىق مەك-
تەپتىن بىرنى سېلىۋالدى. يېڭى مەكتەپنى ئىشلىتىشكە
باشلىغان كۈنى، ياڭگۇەيۇەن كەنتىدىكىلەر داقا - دۇمباق
چېلىپ، كۆمۈركان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى
تەكلىپ قىلىپ مېھماندەك قارشى ئالدى، بىر مەھەل دا-
قا - دۇمباق چېلىنىپ پوجاڭزا ئېتىلغاندىن كېيىن، كۆ ئى-
دارە باشلىقى يىغىندىن ياسىلىپ قىزىل شەلپەرگە ئورالغان
مەكتەپ ئابىدە تېشىنىڭ يوپۇقىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ،
ئابىدە تاشتىكى خەتكە قاراپلا ئاغزىنى ئېچىپ داڭقېتىپ
تۇرۇپلا قالدى. تاش ئابىدىگە: «ھاراق بوتۇلكىسى ئۈمىد
باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ يېزىلغانىدى.

(سۇڭ مىڭشى ئىمزالىق بۇ فېليەتون «تاللانغان فېليەتونلار
ژۇرنىلى»نىڭ 2004 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد قېيۇم

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# تۆت ئەۋلىيا، بىر پىر ھەققىدە رىۋايەت

ئىلاۋە:

مەنسۇر ھەللاجى، شاھ مەشرەپ، نەسىردىن ئەپەندى، شەمس تەبرىزىمىدىن ئىبارەت تۆت ئەۋلىيانىڭ زامانداشلىقى نائېنىق، ئاپپاق غوجا بىلەن دەۋرداشلىقى ۋە ئۇنى پىر تۇتقانلىقى مۇجمەل تارىخ بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىر ئەللىرى ۋە زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن مۇرىتلار ۋە چوقۇنغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرى بولغان بۇ شاھ سۈپەت زاتلارنى ئۇلۇغلاپ «تۆت ئەۋلىيا، بىر پىرىم» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش، تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىنى مەدداھلار ۋە داستانچىلار، ھۆكمەتچىلەر تىلى بىلەن بېيىتىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا يەتكۈزۈش مابەينىدە «تۆت ئەۋلىيا، بىر پىرىم»، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا زاماندىش، پىر - تالىپ سۈپىتىدە روياپقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ تەۋەللۇتى، تارىخى، ۋاپاتى سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىشقا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، خەلق قەلبىگە چوڭقۇر ئۆزلەشكەن ئاجايىپ بىر رىۋايەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. گەرچە بۇ رىۋايەت ئاخىرلىماققا باغلاشمىغاندەك، زامان ۋە ماكان جەھەتتىن ماس كەلمەيدىغاندەك، خۇراپىيلىققا ۋە سېھرىي كارامەتكە تويۇنغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يوقىرىقى شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسى، تارىخى، پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋر ۋە ئورنى جەھەتلەردە مۇئەييەن ماتېرىياللىق قىممەت بار. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز مەزكۇر رىۋايەتنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

مەنسۇر ھەللاجى، شامەشرەپ، نەسىردىن ئەپەندى، شەمس تەبرىزىمىدىن ئىبارەت «تۆت ئەۋلىيا» ئاپپاق غوجىنىڭ تالىپلىرى ئىكەن.

بىر كۈنى بۇ تۆت پىر (ئەۋلىيامۇ دېيىلىدۇ - ئا) مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ:

— پىرىمىز (ئاپپاق غوجىنى دېمەكچى - ئا) ئېغىلدىكى بىر تاللا قوچقىرىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ يېسىمۇ، مېھمانغا ئۆلتۈرسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆلتۈرۈپ يەپ بولغاندىن كېيىن بىر دۇئا قىلسا، قوچقار تىرىلىپ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇدۇل ئېغىلغا كىرىپ كېتىدىكەن. بىزمۇ قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، پىرىمىز پەيدا بولۇپ بولغۇچە بىر دۇئا قىلىپ باقساق قانداق؟!— دەپ كېڭەشكە چۈشۈپتۇ.

شاھ مەشرەپ، مەنسۇرھەللاجى، شەمس تەبرىزىم ئۈچى: «ئۆلتۈرۈپ يەپ سىناپ باقايلى» دېيىشىپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى بولسا گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇچەيلەن شۇ ھامان قوچقارنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپتۇ.

شاھ مەشرەپ قوچقارنى بوغۇزلاپتۇ. مەنسۇر ھەللاجى تېرىسىنى يۇۋۇلەپ ئارغامچىغا ئېسىپتۇ. شەمس تەبرىزىم تېرىسىنى سويۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا نەسىردىن ئەپەندى ھېچنېمە دېمەي كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ، ئېسىپ، سويۇپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن گۆشنى تۆتەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەپتۇ. ئۇلار مۇنداق دېيىشىپتۇ: «ئاپپاق غوجامۇ يەپ بولۇپ، سۆڭەكلىرىنى داستىخانغا تىزىپ دۇئا قىلسا تىرىلەتتى. بىز مۇشۇنداق قىلىپ قوچقارنى دۇئا بىلەن تىرىلدۈرۈپ قويايلى»، شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن كەچكىچە دۇئا قىپتۇ. ئەمما قوچقار تىرىلمەپتۇ. ئاخىر ئاغزى، پۇت ـ قوللىرى تېلىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ: «بىر كۈن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلساقمۇ تىرىلمىدى. ئەمدى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قوچقاردىن بىرنى تېپىپ، ئېغىلغا سولاپ قويايلى» دەپ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قوچقارنى سولاپ قويۇپ تۇرۇشىغا، ئاپپاق غوجام پەيدا بولۇپ:

— قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يېدىڭلار، قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟ قايسىڭلار ئاستىڭلار؟ قايسىڭلار سويدۇڭلار؟ — (ئەسلىدە بۇ ئىشلار ئاپپاق غوجامغا كارامەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولۇپ بولغانىكەن) دەپ سورىغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى دەپ ساپتۇ:

— شاھ مەشرەپ بوغۇزلىدى.

— شەمسى سويغان.

— مەنسۇر قوينى يۇۋۇلەپ ئاسقان.

— نەسىردىنچۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ئاپپاق غوجا.

— ئۇ ھېچنېمە دېمەي، يېقىنمۇ كەلمەي باشتىن ـ ئاخىر كۈلۈپ قاراپ تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ ئۇچەيلەن بىر ئېغىزدىن.

ئاپپاق غوجا:

— قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، باشقا بىر قوچقارنى ئورنىغا سولاپ قويدۇڭلار، مەن ئۇنى كۆرمىسەممۇ بىلىپ تۇردۇم. ئۇ خاسىيەتلىك قوچقار ئىدى. سىلەر ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان خاسىيەتلىك دۇئانى بىلمەيتتىڭلار. شۇ سەۋەبتىن ئەمدى خاسىيەت يوقالدى. خەير، بوغۇزلىغىنىڭلارنىڭ بېشى كېسىلەر، يۇۋۇلەپ، ئاسقانلار ئېسىلارسىلەر، سويغىنىڭلارنىڭ تېرىسى تەتۈر سويۇلار. نەسىردىننىڭ لەتىپىسىنى ئاڭلىغان ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالغاي — دەپ دۇئايى بەند قىلىپ قارغاپ شۇنداق نەپەس قىپتىكەن، تۆت ئەۋلىيا قۇيۇندەك پىرقىراپ بېرىپ زېمىننىڭ تۆت تەرىپىگە چۈشۈپتۇ. ئاپپاق غوجا بولسا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

شاھمەشرەپ بۇخارا زېمىنىغا چۈشكەنمىش، دېگەن سۆز ـ چۆچەكنى ئاڭلىغان بۇخارا ئەمىرى شەيخ مەھمۇدخان شاھ مەشرەپنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ، «نەقشۇەندە پىرىم» دەپ ئاتاپ، پىر تۇتۇپ، ئۆزى ئەمىر بولسىمۇ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىدا قول باغلاپ، ماڭىدىغان يوللىرىغا زىلچا ـ گىلەملەرنى سېلىپ، پۇت ـ قولىنى توپىغا تەگكۈزمىگەنىكەن. لېكىن شاھ مەشرەپ: «سېنىڭ ئۇنداق زىلچا ـ بىساتلىرىڭغا سىيىپ ـ چىچماق ۋاجىپ» دەپ ئىشىكنى زىلچا ـ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ سىيدۈرۈپ، چىچىرۇپتۇ. بۇ قىلىقلاردىن شەيخ مەھمۇدخاننىڭ دىلى شىكەستە يەپ، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىگە مۇنداق ئويۇن تەكلىپ ئېيتىپتۇ:

— پىرىمگە كامالىي ئىززەت ـ ئىكرام قىلسام، مېنى كۆزىگە ئىلمىدى. بۇنى ئازراق پەرىشەپكە قايتۇرۇپ، چۆچۈتۈپ قويايلى. مەن بېشىنى كېسىشكە مۇنداقلا بۇيرۇپ قويغان بولاي. بىر قانچىڭلار جازا مەيدانىدىن تىلەپ ياندۇرۇپ ئەكىلىۋېلىڭلار.

لېكىن ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالار خالىزىم بولدىمۇ ياكى ئەمىرنىڭ سۆزى ۋاجىپ بولدىمۇ ۋە ياكى تەقدىر ـ نەپەس شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر پەرمان بىلەن تەڭ شەيخ مەھمۇدخاننىڭ جاللاتلىرى شاھ مەشرەپنى چېپىپ تاشلاپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغانىكەن.شاھ مەشرەپ بېشى تېنىدىن ئاجراپ كەتسىمۇ، بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ: «مەن بۇخارادا ياتمايمەن، ھەرەمدە ـ رەسۇلۇللا بوۋامنىڭ يېنىدا ياتىمەن» دەپ زىكرى قىلىپ ھەرەمگە بارسا، رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىدىن مۇنداق نىدا كەپتۇ:

ـ سىزدىن بىر پەزىلەت ئۆتمىدى، بىر خوتۇن ئالمىدىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكىمۇ كىرمەيسىز، بۇخاراغا بېرىپ يېتىڭ.

شاھ مەشرەپ شۇنىڭ بىلەن بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ يەنە بۇخاراغا كەپتۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان مۇنداق بىر غەزەل ئەل ئاغزىدا ھۆكمەت بولۇپ تارالغانىكەن:

ئەھمەد زەمچى قەلەندەر، ھەم نەقشۇەندى بۇخارى،
بۇ ئىككىسىگە دوست ئەتكىل، ئەپلە مېنى قەلەندەر.

شەمس تەبرىزىم ھىندىستان زېمىنىغا چۈشكەنمىش دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەر: «پىر ـ ئەۋلە-

يادىن قارىغىش ئالغان قارغىش تەگكۈر زېمىنىمىزدا تۇرسا، ئاپەت كەلتۈرۈر» دېگەننى باھانە قىلىپ، خەلقنى قوزغىتىپ ئۇنى يۇرت دەسسەتكۈزمەي باشقا ياققا قوغلىۋەتكەنىكەن. ئۇ نەگىلا بارسا، كاززاپلار: «پىر ـ ئەۋلىياغا تەركى ھۆرمەت قىلغان» دەپ پىتنە ـ پەتىۋا توقۇشۇپ، «تېرىسىنى تەتۈر سويماقلىق لازىم» دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەمس تەبرىزىم ئاچچىقلاپ:

—تېرە لازىم بولسا مانا ئەمىسە تېرە،—دەپ تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ ئاخۇنلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ، قاسساپلاردىن چىلتەن (كاۋاپلىق) تىلەپ، ئاندىن ناۋايخانىغا بېرىپ،—مۇشۇ گۆشنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ بېرىڭلار،—دەپتۇ. ناۋايخانىنىڭ ئۆز بېيى (خوجايىنى):

—تونۇرغا ئاپىرىپ پىشۇرۇۋېلىڭ،—دەپتۇ.

ئەمما نىمكارلىرى:

—بۇ قەلەندەرنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن قان ـ يىرىڭ ئېقىپ تۇرسا، بۇ يەرگە خەق نان يېگىلى كىرگىلى ئۇنىمايدۇ، چىقىپ كەتسۇن، باشقا يەرگە بارسۇن بۇ قەلەندەر،—دەپ قوغلىۋېتىپتۇ. قوغلىۋەتكەندىن كېيىن شەمس تەبرىزىم ناۋاينىڭ نىمكارلىرىنى:

—نان تىلەپ يەپ ئۆلەرسىلەر،—دەپ قارغىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەمس تەبرىزىم ئاخىر ھىندىستاندا تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ: «ئى كۈن! سەنمۇ شەمشى، مەنمۇ شەمشى، كېلىپ كاۋابىمنى پىشۇرغىن» دەپتىكەن، كۈن نەيزە بويى يېقىنلاپ كاۋاپنى پىشۇرغىلى ۋاژىلداپ قىزىپ كېتىپتۇ. ھىندىستاننىڭ ئادەملىرى ئىسسىققا چىدىيالماي بەزىسى ئۆلۈپتۇ، بەزىسى ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. شۇ چاغدا جانابى پىردەستىر پىرىم كېلىپ: «ئى شەمشى! سىز بۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ» دەپتۇ.

شەمس تەبرىزىم:

—ئەمىسە سىزنىڭمۇ بىر لەۋزىڭىز بار، سىزمۇ شۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ،—دەپتۇ.

پىردەستىر پىرىم:

—ھە، مەنمۇ ياناي، سەنمۇ كۈننى ياندۇر، ئەمىسە مەن قايسى لەۋزىمدىن يانىمەن؟—دەپ سوراپتۇ.

شەمس تەبرىزىم:

—سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كىمكى «ئابدۇقادىر جىلانى» دەپ بىۋاستە ئاغزىغا ئالسا، شۇ ئادەم قان قۇسۇپ ئۆلىدىكەن، سىز مۇشۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ، ئاندىن مەنمۇ كۈننى ياندۇراي،—دەپتۇ.

پىردەستىرپىرىم:

—ئۇ لەۋزىمدىن يانمايمەن،—دەپتىكەن، شەمس تەبرىزىممۇ:

—سىز يانمىسىڭىز ئەمىسە مەنمۇ يانمايمەن،—دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پىردەستىرپىرىم:

—ھە ماقۇل، ياندىم ئەمىسە، لېكىن مېنىڭ ئىسمىمنى بىۋاستە ئاغزىغا ئالغان ئادەم يەتتە پۇل كاپالەت بەرسۇن،—دېگەندىن كېيىن، شەمس تەبرىزىم مۇنداق دەپتۇ:

—پۇلى بولسىمۇ كاپالەت بېرىدۇ، يەتتە پۇلى يوق ئادەم ئاغزىغا ئېلىپ سالسا يەنە قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ.

پىردەستىر پىرىم:

—ھە، مەن ئۇ لەۋزىمدىنمۇ ياندىم، سىزمۇ كۈننى ياندۇرۇڭ،—دەپتۇ.

شەمس تەبرىزىم شۇنىڭ بىلەن كۈننى ياندۇرۇپ بولدى قىلغانىكەن. مۇبادا ئۇ ھازىرغا قەدەر كۈننى ياندۇرمىغان، ھەر ئىككىلىسى ئۆز لەۋزىدىن يانمىغان بولسا، پىردەستىر غوجامنىڭ ئىسمىنى دەپ سالغان ئادەم قان قۇسۇپ ئۆلەرمىشكەن. ھىندىستان زېمىنى چوغقا، ھىندى ۋە گانگى دەريالىرى ھورغا ئايلىنىپ قۇرۇپ كېتەرمىش ئىكەن. ھىندىلار شۇ چاغدا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن بولۇپ، شەمس تەبرىزىم ئەۋلىيا ھەم شەمشى، كۈنمۇ شەمشى بولغاچقا، كۈن ئۇنى كۆيدۈرمىگەنىكەن.

مەنسۇر ھەللاجىغا كەلسەك، ئۇنىڭ قايسى زېمىنغا چۈشكىنى نامەلۇم. لېكىن ئۇ چۈشكەنلىكى جايدىكى يۇرت ـ ئەھلىنىڭ ھەممىسى: «مەنسۇر ھەللاجى مەن ‹ئەۋلىيا› دەپ يۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئەۋلىيا دەپ يۈرگىنى بىلەن سىڭلىسى پاھىشۋازلىق قىلىدۇ. كۈندە نامازشامنىڭ بولۇشىغا جاڭگال تەرەپكە كېتىدۇ. ئەللەرنىڭ كۆلبېسىگە قونۇۋغا بارىدۇ، يانغىنىنى كۆرمەيمىز. سىڭلىسىنى ھاي دېيەلمەيدۇ، قانداق يېرى ئەۋلىيا بولىدۇ ئۇنىڭ» دەپ گەپ تېپىپ، ئۆسەك تارقىتىپتۇ. بۇ گەپ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇ: راست شۇنداق قىلغانمىدۇ بۇ سىڭلىم، مەن بىر ماراپ باقاي، نامازشام بولغاندا كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلاپ قالغان بولۇۋېلىپ يېتىۋالاي. ئاندىن ئۆيدىن چىقىشى بىلەن، ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ تۇتۇۋالاي، راست نامەھرەم قىلغان بولسا، تۇگەل چالما ـ كېسەك ئېتىۋېتەي، دەپ ئويلاپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتسا، سىڭلىسى نامازشام ۋاقتىدا راستىنلا ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ، ئاكىسىنى ئۇيىمدى دەپ ئويلاپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ

بىلەن مەنسۇر ھەللاجى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ قارىسا، بىر چۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يېرىم كۈنلۈك چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئىزنى ئىزدەپ بېرىپتىكەن، چىرايلىق بىر خانىقا ئۇچراپتۇ. سىڭلىسى ئاشۇ يەردە غايىب بولۇپ كەتكەنىكەن. مەنسۇر ھەللاجى خانىقانىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئاللا كارامەت! سىڭلىسى خانىقانىڭ ئىچىدە كۆرمىگەن يات ئادەملەرگە ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقانمىش. ئۇ شۇ يەردىن يۈگۈرۈپ خانىقانىڭ ئىچىگە كىرىپ:

—ھەي سىڭلىم! ئاشۇ چايدىن ماڭىمۇ بېرىڭ!—دەپتۇ.

سىڭلىسى:

—بۇ چاينى سىز ئىچسىڭىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايسىز، ئاغزىڭىزغا ئازراق تېمىتىپ قوياي،—دەپ چىنىنىڭ تۈلىدا قالغان چاي يۇقىنى ئاغزىغا تېمىتىپ قويغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىشق تۇتۇۋېلىپ، چۆرگىلەپ ـ پىرقىراپ «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ شەھەرگە چىقىپتۇ. شەھەرگە چىققاندىن كېيىن ئاخۇنلار: «مەنسۇر ھەللاجى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. خۇدامۇ خۇدا، مەنمۇ خۇدا دېگىلى تۇرۇپتۇ، بۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەك بار» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، دار راسلاپ، دارغا ئېسىۋېتىپتۇ. داردىن «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ ئاۋاز چىقىپتۇ. ئۇلار دارنى مەنسۇر ھەللاجى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلنى دەرياغا چېچىۋەتكەنىكەن، دەرياغا چېچىۋەتكەن كۈلنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جۇغلىشىپ: «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەقلەر: «كۆيدۈرۈپ كۈلنى دەرياغا سورۇۋەتسەكمۇ ‹ئەنەلھەق، مىنەلھەق› دېگىلى تۇردى، ناھەق ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشايمىز» دەپ ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلاپ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، بىر ـ بىرىنى تاتىلىشىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇپ نالە ـ پەرياد قىلغانمىش.

مەنسۇر ھەللاجى ئەسلى «جامائەت سىڭلىمنى پاھىشىۋازلىق قىلدى، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشقاندى، مەن ئۇنى ماراپ بارسام، ئۇ پاھىشىۋازلىق قىلمايدىكەن، بەلكى 41 چىلتەنلەرنىمگە شاراب قۇيۇپ بېرىدىكەن، ئەنەلنىڭ قىلغان ئىشىمۇ ھەقكەن، مېنىڭ قىلغان ئىشىممۇ ھەقكەن» دېگەننى ئىپادىلەپ «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ چۆرگىلەپ، شەھەرگە چىقىپ، پىرقىراپ ساما سالغانىكەن، ئەمما ئۇنى كۆزدىن قانداق يوقىتىشنى بىلەلمەي قالغان ھەسەتخور ئاخۇنلار، چالا موللىلار، نادان تالىپلار بۇ گەپنى تەتۈرسىگە ئۆرۈپ، مەنسۇر ھەللاجى «مەنمۇ خۇدا، خۇدامۇ خۇدا» دەپ پىر چەكگى توۋلاپ، ساما سالدى دەپ بەتنام چاپلاپ، ناھەق دارغا ئاستۇرۇپ شېھىت قىلىۋەتكەنىكەن.

نەسىردىن ئەپەندى خاسىيەتلىك قوچقار ئۆلتۈرۈلگەندە قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چۈشكەن جايىدا جىم تۇرماي جاھانكەزدى سەيياھ بولۇپ، كۆزى يەتكەن، ئېشىكى بارالىغانلىكى جايغا بېرىپ ئايلانغان. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ چىرايىنى كۆرگەن، سۆزىنى، ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم كۈلۈپ يىقىلىپ قالغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ شۇ زامانلاردا ئىككى دوستى بولغان، ئۇنىڭ بىرى ئۆزىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمىغان سادىق ئېشىكى، يەنە بىرى، شۇ زامانلاردىكى پادىشاھلار ئىكەن. نەسىردىن ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا بىر ئۆمۈر كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئۆتكەنمىش، ئۇ چۆللەرنى كەزگەندە لەتىپە سۆزلىسە ئېشىكى ھاڭرايمىشكەن، پادىشاھلار ئاڭلىسا، كۈلۈپ تېلىقىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلەرمىشكەن. نەچچە ئون پادىشاھ تاماق ئۈستىدە لەتىپە ئاڭلاپ، گېلىغا تاماق تۇرۇۋېلىپ، تېۋىپلار ئىلاج قىلغۇچە تىن تارتماي ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ باسقان يولى، ماڭغان چۆلى، ئايلانغان شەھەر ـ دۆلەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە كۈنلىرىنى تۈركىيىنىڭ ئاق شەھرىدە ئېشىكى بىلەن سەپەر قىلىپ ئۆتكۈزگەن ھەمدە سەپەر ئۈستىدە قازا قىلىپ، شۇ يەرگە قەبرىسى قاتۇرۇلغانمىش. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىمۇ ياكى چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئويۇنىمۇ ئىشقىلىپ، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قەبرىسى ئۈچ ئەتراپى ئوچۇق، ئالدى تەرەپكە مۇستەھكەم دەرۋازا ئورنىتىلىپ پۇختا قەدىمكى قۇلۇپ سېلىنغان كۆرۈنۈشتە ئىكەن. قەبرە گۈمبىزى بىر تەرەپكە قىڭغىر قوپۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. يەنە كېلىپ گۈمبەزنىڭ قىيسىق تەرىپىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە ئاچا تىرەپ قويۇلغانىكەن. گۈمبەز ئالدىغا بىر مەرمەر تاش قويۇلغان بولۇپ، تاشقا: «بۇ غوجا نەسىردىننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە قىلغان چاقچىقىدۇر» دەپ ئويۇپ قويۇلغانمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە ناۋا يېزىسىدىن ئوبۇلقاسىم غوجائالىم، 73 ياش، ساۋاتسىز

توپلىغۇچى: ئېلى ئەسقەر

(لوپ ناھىيە ناۋا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# ئۆتكەن كۈنلەر

روزى مىراب ياسىن

مەن 1922 ـ يىلى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1927 ـ يىلى بەش يېشىمدا دىنىي مەكتەپكە كىردىم، 1933 ـ يىلى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ 1936 ـ يىلى 14 يېشىمدا ئائىلەم بىلەن كۆچۈپ بورتالاغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. 1937 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە ھەم بايلارغا يالىلىنىپ ئىشلىدىم ھەم ئائىلەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، بورتالا، داخيەنزى، موپاك، دۆربىلجىن، چۆچەك، قوبۇقسار، بۇرچىن، ئالتاي سوقۇشلىرىغا، كېيىن شىخو بورتوڭكىدىكى باندىت سوقۇشىغا قاتناشتىم.

1942 ـ يىل 11 ـ ئاي مەزگىلى، دەريالار مۇزلاپ سوغۇق كىرىپ قالغان ۋاق. ئورنى بورتالا ۋۇتەي بىلەن سىتەي ئارىلىقى، مەن دوستۇم تۇراخۇن بىلەن سىتەي دالىسىغا سۆكسۆك ئېلىش ئۈچۈن، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيدىن چىقىپ، دەريا بويىغا بېرىپ، دەريادىن ئىككى پارچە مۇزنى ھارۋىمىزغا سېلىپ ھارۋىغا ئوبدان ئورۇنۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئاتلىرىمىز شۇ ماڭغانچە ۋۇتەيگە بېرىپ ناھايىتى كۆپ ھارۋىكەشلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇق. ئويغانساق غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ماڭغان ھارۋىكەشلەرنىڭ قونالغۇسى ئىكەن. ئۇ چاغلاردا بىر ئادەم توققۇز ـ ئون ھارۋا ھەيدەيتتى، بۇ ھارۋىلار «تارانچى ھارۋىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار غۇلجىدىن بايلارنىڭ يۈكلىرىنى بېسىپ ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ كېتەتتى. ئىچكىرى ۋە قۇمۇل، ئۈرۈمچە-

لەردىن يۇك بېسىپ غۇلجا ھەم قەشقەر، خوتەنلەرگىچە كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا ماشىنا كەمدىن كەم ئۇچرايتتى، مانا شۇ ھارۋىلار توپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، ھارۋىكەش تارانچىلاردىن تىل ـ ھاقارەت ھەم تاياق ـ دەشنەم يەپ ئاران ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ يۇقىرى ستەي تەرەپكە قاراپ ھارۋا يولى بىلەن ئاتلىرىمىزنى قوغلاپ ئالدىمىدا تۇراخۇن، كەينىدە مەن جۇۋىلىرىمىزنى باش ـ كۆزىمىزگە ئورىۋېلىپ كېتىپ بارىمىز. ئاغىنەم تۇراخۇن ئالدىمىدا مېڭىپ خېلى ئۇزاپ كەتتى. مەن ئېتىمنى قامچىلىسام ماڭماي قالدى. جۇۋامنىڭ ياقىسىنى چۈشۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارىسام سېرىق ئىتقا ئوخشاش بىر نېمە يولنىڭ چېتىدە ياتىدۇ، مەن ھارۋىدىن چۈشۈپ ھېلقى سېرىق ئىتقا زەن سېلىپ قارىسام ئۇ ئىت ئەمەس «تۈلكە» ئىكەن. مەن بۇ تۈلكىنى ئۇخلاپ قالغان تۈلكە ئوخشايدۇ، دەپ ئۇستۇمدىكى جۇۋامنى سېلىپ ئاستا بېرىپ جۇۋام بىلەن بېسىۋالدىم، لېكىن بۇ مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى، جۇۋامنى قايرىپ تاشلاپ قارىسام تۈلكە ئوۋچىلارنىڭ تۈلكىگە قويغان زەھەر (ئوغا)سىنى يەپ ئۆلۈپ قالغانكەن. مەن خۇشاللىقىمدىن تۈلكىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ تاغارغا سېلىپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئوتۇن ئالىدىغان يەرگە يېقىن بارغاندا قۇرۇق تېرەك تەرەپتىكى تاغدىن بىر توپ بۆرە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ بۆرىنى ساناپ باقساق 60 تىن ئوشۇق، بىز بىر تەرەپتىن قورقساقمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىقىپ ھوقۇيتۇپ ۋارقىراپ بەردۇق، بۇ بۆرىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ «قوشەچەكنىڭ» تاغ تەرىپىگە قاراپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ بۆرىلەر كۇرسۇككە كىرگەن بۆرىلەر ئىكەن، قانجۇق بۆرىنى ئالدىغا سېلىپ بىر ـ بىرىگە قارشىلىشىپ ھەيۋە بىلەن كېتىپ بارىدۇ.

بىز ئوتۇن بار يەرگە، يەنى ستەيگە يېقىن بېرىپ ھارۋىلىرىمىزنى چىقىرىپ ئاتلىرىمىزغا چۆپ سېلىپ بېرىپ ئوتۇن ئېلىشقا باشلىدۇق. بىز بىرئاز ئوتۇن ئالغاندىن كېيىن بىر قارا ئىت قاپقانغا چۈشكەن بىر جەرەن (قارا قۇيرۇق)نى قوغلاپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى جەرەننىڭ كەينىدە زوڭ ئولتۇردى، خۇددى جەرەن مېنى قاپقاندىن قۇتۇلدۇرۇۋال، دەپ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغاندەك قاراپ تۇراتتى. بىراق مەن ئاچ كۆزلۈك قىلىپ جەرەنگە يۈگۈرۈپ بارسام جەرەن قاچتى. مەن قوغلاپ ھېرىپ كەتتىم، ئىتمۇ مەن بىلەن بىرگە يۈگۈرمەكتە. ئاخىر جەرەن بىر بوز قاراغان تىكەنگە قاپقان ئىلىشىپ قېلىپ جەرەننى تۇتۇۋېلىپ يېنىمدىن پىچىقىمنى ئېلىپ بوغۇزلاپ جەرەننىڭ پۇتىدىن قاپقانىنى ئېلىپ تاشلاپ ئارقامغا قارىسام، ھېلقى ئىت بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئوتوبولاق تەرەپكە قاراپ تىنماي چېپىپ كېتىپ بارىدۇ. مەن جەرەننى ھارۋامنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ھېلقى تۈلكىنى سالغان تاغار بىلەن يېنىمغا قويۇپ خۇشاللىقىمدا يەنە ئوتۇن ئېلىشقا باشلىدىم. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلقى قارا ئىت بىر ئاتلىق قازاقنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. كەلگىنى زادەن ئىسىملىك قازاق كىشى بولۇپ، ئوتوبولاقتا ئولتۇرۇپ قۇرۇق تېرەك، ستەي يېزىلىرىدىن جەرەنتاغ ئىچىگىچە قاپقان قويۇپ تۇتۇپ شۇلار بىلەن گۆش تەمىناتىنى قامدايدىكەن. ئۇ كىشى 50 ياشلار چامىسىدا بار ئىكەن. بۇ كىشى ماڭا قاراپ «ھەي ئوتۇنچى سارت قاپقان قەيەردە؟ قاپقانىنى تاپ» دەپ ماڭا دېۋەيلەپ قاتتىق ھەيۋە قىلدى. مەن قورققانلىقىمدىن قاپقانىنى تاشلىغان يەردىن ئېلىپ قولىغا بەردىم. بۇ قازاق كىشى ئاتتىن چۈشۈپ جەرەننى ئېلىپ سويۇپ بىر سانىنى ماڭا بېرىپ، قالغان قىسمىنى ئېتىغا ئارتىپ ئوتو بۇلاق تەرەپكە ئېلىپ كەتتى، تۈلكىنى كۆرمەي قالدى.

شۇ مەزگىلدە ستەينىڭ يېزىلىرىدا جەرەن دېگەن قورۇ ـ قورۇسى بىلەن ئوتلاپ، يايلاپ يۈرەتتى، تاغدا تاغ ئۆچكىلەر ھەم كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوۋچىلار ئۆزىنىڭ مېلىدەك تۇتۇپ يەيتتى.

شۇ كۈنى يۇقىرىقىدەك ئىشلار بىلەن ئوتۇن ئالالماي ئوتۇننى باسساق يېرىم ھارۋىنىمۇ يەتمىدى. بىز چوڭقۇر بىر ساينىڭ ئىچىگە ھارۋىمىزنى چىقىرىپ ئاتلىرىمىزنى چىڭ باغلاپ ئاتلىرىمىزغا چۆپ سېلىپ بېرىپ ئۆزىمىز چاي قايىنتىپ قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ ئۇخلاپ قاپتۇق. بىر ۋاقىتتا ئاتلىرىمىز ئۈركۈپ خارقىراپ چۇلۇۋۇرلىرىنى ئۈزۈپ قاچقىلى تاس قاپتۇ. تۇراخۇن بىلەن ئىككىمىز ئويغىنىپ قارىساق مېنىڭ ھارۋامنىڭ چاقىنىڭ ئاستىنى بىر بۆرە كېلىپ قېزىۋاتىدۇ. ئاتلىرىمىز بۇ بۆرىدىن قورقۇپ قاچقىلى تاس قاپتۇ، دەرھال ئالدىمىزدىكى چوغقا ئازراق سامان سېلىپ ئوتنى يېقىپ ئەتراپنى يورۇتۇپ بۆرىنى قوغلىساق بۆرە قاچماي بىزگە يۈگۈردى، بىز قولىمىزغا جوتۇلىرىمىزنى ئېلىپ قارشى تۇرساقمۇ ئامال بولمىغاند-

لىقى ئۈچۈن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ۋارقىراپ ھوقۇيتۇپ بەردۇق. بۇ بۆرە يېنىمىزدىكى دۆڭگە چىقىپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇتقا قالماي ئەتراپىمىزنى بۆرە قاپلاپ كەتتى. بىز قانداق قىلارىمىزنى بىلمەي قوشۇپ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىشىمىزغا ھارۋىلىرىمىزنى، بۆرىلەر ئاتلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋېلىپ بىزنى بوزەك ئېتىشكە باشلىدى. بىز ئامال قىلىپ ئىلى ـ ئۇرۇمچى تاشيولىغا چىقىۋالدۇق. ئەتراپىمىزغا قارىساق بۆرىلەر بەرەر يۈزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاتلىرىمىز تاشيولدا ئالدىغا قاراپ بولۇشقا چېپىۋاتىدۇ. بۆرىلەر ئاتنىڭ يولىنى توسۇپ ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا ئېغىز سالماقتا، ئاتلىرىمىز ئالدى پۇتى بىلەن بۆرىگە چاقچىپ ئۇرماقتا. يولدا ئادەم ياكى ھارۋا، ماشىنا ھەم يوق. ئۇ ۋاقىتتا ماشىنىلار ناھايىتى كەمدىن كەم ماڭاتتى، ئاتلىرىمىز چاپقانسېرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتى. بىزمۇ قورقۇپ جوتۇلىرىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ بۆرىلەرگە ھەيۋە قىلىپ ۋارقىراۋاتىمىز، بىز قورقۇپ كېتىپ بارىمىز. بۆرىلەر بىردەم چېپىشىپ ئالدىمىزغا ئۆتسە، بىردەم ئالدىمىزغا ھەم كەينى تەرىپىمىزگە ئۆتىدۇ. شۇنداق كېتىپ بارغىنىمىزدا ۋۇتەي تەرەپتىن بىر ماشىنىنىڭ يورۇقى چىقىپ ناھايىتى تەستە بىزگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ «شودوجى» دېگەن ماشىنىلىرى بولۇپ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى، بۆرىلەر شۇ ماشىنىنىڭ يورۇقى بىلەن ۋۇتەيگە يېقىن كەلگەندە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. بىز بۆرىلەردىن ئايرىلغانلىقىمىزدىن خۇش بولۇپ ۋۇتەيگە كېلىپ ئاتلىرىمىزنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا قارىساق بۆرىلەرنىڭ چىشلىگەن ئىزلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاتلىرىمىزنى ئۇبدان دەم ئالدۇرۇپ جەرەننىڭ بىر پۇتىنى چىلەككە سېلىپ شورپا قىلىپ ئىچتۇق، ھېلىقى تۈلكىنى تولۇمچە قىلىپ سويدۇق. ھېلىقى بۆرىلەردىن قورققان قورقۇنچىمىز ئاللىقاچان تۈگىدى. شۇ يىللاردا بورتالانىڭ بەشبۇلاق دېگەن يېرىدە يالغۇز ئوتۇنغا بارغان ما ئەسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىككى ئىتى بىلەن ئۆزىنى بۆرە يەپ قويغان بولۇپ، كىشىلەر بۆرىلەردىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولغان. يەنە بىر ناۋاي ۋۇتەيدىن بورتالاغا قاراپ كېچىدە كېتىۋاتسا بىر بۆرە ئۇ كىشىگە ھەمراھ بولۇپ ھەيۋە قىلغاندا يانچۇقىدا بىر باغ سەرەڭگىنى يورۇتۇپ بۆرىگە ئېتىپ تاش كۆۋرۈككە كېلىۋېلىپ بۆرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

1945 ـ يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىز شىمالىي فرونتتا قوبۇقسار ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ 2000 ئەسكىرى بىلەن يەتتە كۈن سوقۇشۇپ قوبۇقسار ناھىيىسىنى ئالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن كوماندىرىمىز لىسكىننىڭ يوليورۇقى بىلەن جەڭ مەيدانىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئېچىۋەتتۇق، شۇ كۈنى كېچىدە قوبۇقساردىكى بارلىق دۈشمەنلەر قاچتى. ئەتىسى سەھەردە ئارقىسىدىن قوغلاپ دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىق قىلغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەل بولغانلىرىنى ئالدىمىزغا سېلىپ ھەيدەپ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئورتا فرونتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بىز جىمنەي، بۇرچىن ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىشقا بارلىق قىسمىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ زەربىدار قىسىم بولۇپ بۇرچىنغا قاراپ ماڭدۇق، كېچىسى بۇرچىنغا ئون كىلومېتىر چامىسىدا كېلىپ تاڭ سەھەردە بۇرچىنغا كىرىش ئۈچۈن تاغنىڭ باغرىدا بىر بۇلاقنىڭ چۆرىسىدە ئاتلىرىمىزنى بېقىشقا باشلىدۇق، شۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئىتقا ئوخشاش بىر نېمىلەر بىزگە ھەمراھ بولۇۋالدى. بىز ئۇنىڭغا تاش ئاتساقمۇ كەتمەيدۇ. مىلتىق ئېتىشقا، سەرەڭگە يېقىشقا، تاماكا چېكىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. دۈشمەننىڭ ئاڭلاپ قېلىش ۋە يورۇقنى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ھېلىقى ئىتقا ئوخشاش بىر نېمىلەر بىزنى ئايلىنىپ بىردەم ئاتنىڭ ئالدىغا كەلسە، بىردەم بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كەتمىدى. ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشتى. كوماندىر تەرەپتىن بىزگە مەخپىي بۇيرۇق كېلىپ بۇرچىنغا قاراپ يولغا چىقىپ تاڭ يورۇغاندا بۇرچىننىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دەريادىن ئاران دېگەندە ئۆتتۇق، ھېلىقى چىلبۆرە ئىتلار بىز بىلەن بىرگە دەريا بويىغىچە كېلىپ، دەريادىن ئۆتەلمەي دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قالدى.

بىز بۇرچىنغا ھۇجۇم قىلىپ يېرىم سائەت ئىچىدە بۇرچىننى ئىشغال قىلىپ بولدۇق. دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە چۈشۈردۇق، بۇرچىن تىنچلانغاندىن كېيىن ئۇ قېتىغا قارىساق ھېلىقى چىلبۆرىلەر زوڭ ئولتۇرىدۇ، شۇ ۋاقىتتا تولەنباي دىسكىلىك پىلموتنى ئېلىپ چىقىپ پىلموتنى تاتىلىۋېتىپ قويۇۋەتتى. بۇ چىلبۆرىلەرنىڭ بەزىلىرى قاچتى، بەزىلىرى يىقىلدى، بىز دەرھال كېمە بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تەكشۈرۈپ كۆرسەك چىلبۆرىدىن 12 سى ئۆلۈپ قالغانلىرى قېچىپ كېتىپتۇ.

1930 ـ يىللار بولسا كېرەك. مېنىڭ سەككىز ياش ۋاقتىم ئىدى، مەن ئۆگەي ئانام توپىخان، ئاچام نىساخان ۋە ئاكام ياقۇپجان بىلەن تاشقىرىقى ھويلىدىن ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ بوستان تەرەپكە مېڭىپ ئالدىدا ئاچام پۇتىدا كەش كىيىكلىك بوستاندىكى ئېرىقنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇۋاتقاندا بىر ئاق چىغار يىلان ئاچام نىساخاننىڭ پۇتىغا ئورىلىۋالدى. ئاچام بەك قورقۇپ كېتىپ يىلاننى كۆرمەي دەسسىۋاپتۇ. يىلاننىڭ بارلىق تېنى ئاچامنىڭ پۇتىغا ئوراقلىق. يىلان باش تەرىپىنى بىر غېرىچ ئېگىز تىك تۇرغۇزۇۋاپتۇ. ئاكام ياقۇپجان ئۆيدىن قىسقۇچنى ئېلىپ چىقىپ يىلاننى قىسىپ يەرگە ئېلىپ تاشلىغاندا يىلان قۇيرۇقىنى يەرگە تىرەپ تىلىنى چىقىرىپ تىك تۇرۇۋالدى، ئاكام يوغان بىر كالتەك ئېلىپ كېلىپ يىلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، يىلان ئاچامغا بولسۇن ياكى باشقىمىزغا بولسۇن ھېچقانداق زاھا قىلمىدى.

شۇ كۈنى دادام شەنبە بازارغا كەتكەنىدى. دادام كەچقۇرۇن كەلگەندە ئانام ئەھۋالنى ئېيتتى دادام خاپا بولۇپ شۇنداق دېدى: «بۇ يىلاننىڭ پايدىسى بار يىلان ئىدى، مەن ئۆينىڭ ئارقىدا ۋە قازناقتا، بوستانلىقتا بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. بۇ يىلانغا مەن تېگىشمىگەنىدىم، بەك يامان قىپسىلەر».

دېمەكچى بىزنىڭ قولىمىزدىكى 400 دەك ئۆچكىدىن 250 ئۆچكە تۆت ـ بەش كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى ھەم شۇ يىلان ئۆلتۈرۈلگەن بوستان قۇرۇپ كەتتى، شۇ يىلاننى قىسقۇچ بىلەن تۇتۇپ بەرگەن ئاكام ئۆمەرجان نەچچە كۈندىن كېيىن قازا قىلىپ كەتتى، بىز شۇ مەزگىلدە شۇ يىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن مۇشۇ ئەھۋال كېلىپ چىقتى دەپ تونۇدۇق.

1953 ـ يىلى كۈز پەسلى. بىز بورتالادىن ئاقبوتىنىڭ خوتخور دېگەن يېرىگە سودا شىركىتىنىڭ تەقسىماتى بويىچە مەن داۋۇت بوۋاينى، قاجىباي دېگەن ئۈچ كىشىنى ماگىزىن ئېچىپ مال سېتىش، خام مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىندۇق. بىزنىڭ ماگىزىن ئاچقان ئورنىمىز ئۇكا دېگەن بىر موڭغۇل قورۇسىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە. ئۇ يەرگە ئۈچىلىمىز بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن كۆچۈپ چىقتۇق. بەزى كۈنلەردە ئاقبوتىنىڭ نېرىسىدە بارات دېگەن كىشىنىڭ تۈگمىنىنىڭ يېنىدا قارا سۇ بولۇپ شۇ يەردە بېلىق كۆپ بولىدىكەن. مەن داۋۇت ئاكام دېگەن كىشى بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كېتىپ بارساق ئالدىمىزغا بىر تۈلكە يولۇقۇپ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن توغرا كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى، داۋۇت ئاكام «ماڭا قاراپ ھەي ئۇكا بىزنىڭ بۈگۈن بېلىق تۇتۇش ئويىمىز بولمايدۇ، نېمىشقا دېسەڭ ئاۋۇ قۇۋ تۈلكە ئالدىمىزدىن كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ» دېدى. مەن «كونا گەپنى قويۇڭا داۋۇت ئاكا» دېدىم. «قېنى كۆرۈپ باقايلى» دېدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتۇق. بىز بېلىق بار يەرگە بېرىپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن ئارىلاپ قاراسۇغا بارساق قارا سۇنىڭ ئەتراپىدا سۇ بويلىرىدا سېرىق باشلىق يىلانلار ناھايىتى كۆپ مېڭىشىپ يۈرۈيدۇ، پۇت باسىدىغان يەر يوق. سېرىق باشلىق يىلان ئادەمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسىمۇ ناھايىتى سۈرلۈك بولغانلىقى ھەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن كىشى شۈركىنىدىكەن، لېكىن قاراسۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن دۆڭ يېرىگىچە قارماق سالساقمۇ ھېچ يەردە بېلىق يوق. شۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە ھېچ نېمە تۇتالماي قارماق تاياقلىرىمىزنى ئېلىپ بورتالا دەريا بويىغا يېقىنلاپ كەلگەندە مەن ئالدىدا، داۋۇت ئاكام كەينىمدە بىر چىغىر يولدا ئىككى تەرىپى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكەن چىغنىڭ ئىچى بىلەن كېتىپ بارساق ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئۇزۇن، توملۇقى كەتمەن سېپىدىن توم، باش تەرىپى مۇشۈكنىڭ بېشىدەك بار بىر چوڭ يىلان يول بىلەن كېتىپ بېرىپتۇ. مەن قورقۇپ «ھەي داۋۇت ئاكا ئەجدىھار يىلاننى، قاراڭ!» دېسەم، داۋۇت ئاكام كېلىپ ئۇمۇ قورقۇپ يىراقراق قاچتى، ئۇ يىلاننى ئۆلتۈرەيلى دېسەك قولىمىزدا تاياق، ھېچ نېمە يوق. چامما ۋە تاش بىلەن ئېتىپ ئۇرساقمۇ ئۇنىڭغا تاش، چامما كار قىلمىدى. بىر ۋاقىتتا يىلاننىڭ يېنىدىكى يوغان بىر تۈپ چىغنىڭ ئەتراپىغا شۇنداق بىر ئورالدى ـ دە، چىغنى يۆگەپلا چىغدىن ئىككى مېتىرچە يۇقىرىلاپ ئۈستىگە چىقتى. 100 تالدەك چىغ سەل ئېگىلىپ قالدى. يىلان بېشىنى چىغدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ۋە ھەر تەرەپكە قاراشقا باشلىدى. بىز قورقۇپ 200 ـ 300 مېتىر يەرگىچە قېچىپ بېرىپ قاراپ تۇردۇق. يېرىم سائەت مىقدارى ھېلىقى يىلان چىغنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشتى، ئىككىمىز يىلاننىڭ يېنىغا بارساق بىر يوغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىدا بىر ھارۋىنىڭ چاقىدەك ئورۇلۇپ يېتىپتۇ. قارىساق بىر ئاتلىق قازاق كىشى 100 مېتىر يىراقلىقتا كېتىپ بارىدىكەن. ئۇ كىشىنى قىچقى-

رىپ: «ما يىلاننى ئۆلتۈرەيلى دېسەك قولىمىزدا تاياق يوق، بىر تاياق تېپىپ بەرگىن» دېسەك بۇ كىشى يىلاننى كۆرۈپ «ۋايباي، ۋايباي مانا يىلان ئەمەس ئەجدىھار ئىكەن» دەپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى. بىز شۇنداق بولسىمۇ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ كەتمىسەك بولمايدۇ، دەپ بىر مال بېسىۋاتقان بالىنى يېنىمىزدىكى تامغا ئەۋەتىپ قازاق ئۆيىنىڭ تۈڭلۈك تىرەيدىغان «جاقان» دەيدىغان بىر ئۇزۇن كالتەك ياغاچنى ئالدۇرۇپ ھېلىقى ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ ئاران دېگەندە يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېلەكنى ئىلگەندەك ئېلىپ داۋۇت ئاكام بىلەن كۆتۈرۈپ ئاران دېگەندە بورتالا دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ھارۋىنىڭ چاق ماڭىدىغان يولغا شېغىلنى چوڭقۇر قېزىپ كۆمۈۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۆيگە كېتىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئەتراپىمىزدا يىلان كۆپىيىپ كەتتى، يېنىمىزدىكى موڭغۇلنىڭ لامالىرى سىلەر تۈنۈگۈن ئۆلتۈرگەن يىلاننىڭ بالاچاق، ئۇرۇق ئەۋلادى كەپتۇ، سىلەرگە ۋە باشقىلىرىمىزغا بۇ يىلانلاردىن زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن، دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇردى. بىز نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي كېچىسى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ بىرەر كۈن ياتقاندىن كېيىن ئاقبوتىنىڭ لاماسى بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ بىزگە «سىلەر سۈت ۋە ئاق ئۇن قاتارلىق نەرسىلەردىن ئېلىپ مۇشۇ قورۇنىڭ ئىشىكىدىن ئاز ـ ئاز چېچىپ، سۈتتىن ئازراقتىن تۆكۈپ خارمودۇن (قارا دەريا) تەرەپكە مېڭىڭلار، يىلانلار مۇشۇ ئاقىنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ خارمودۇن بىلەن جىگدە بۇلاققا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېدى.

بىز لامانىڭ سۆزى بويىچە داۋۇت ئاكام ئىككىمىز ئۇن ۋە سۈت چېچىپ خارمودۇن تەرەپكە باردۇق، ئەتىسى قارىساق ھېلىقى يىلاندىن بىرسىمۇ يوق. بۇ ئىش ئارقىلىق بۇ يىلانلاردىن قۇتۇلساقمۇ، بۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتكىنى يوق.

بورتالانىڭ لەنتىدى دېگەن مەھەللىسىدە مۇھەممەد تۈگمەنچى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى كىشىلەرگە تۈگمەن ياساپ بېرىپ ئوقەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كىشى يولۇققان تۆۋەندىكى پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ كىشى بىر موڭغۇل زەڭگىنىڭ تۈگمىنىنى ياساشنى كۆتۈرە ئاپتۇ. ئۇ ياسايدىغان تۈگمەن ھازىرقى ئالاتاغقا (ئالاتاۋ) ماڭىدىغان تاشيولنىڭ بويى دۆڭ باغرىدا ئىكەن. ئۇلار ئۈچ ـ تۆت ئادەم بولۇپ تۈگمەنگە بىر كويلا (چوڭقۇر) ئازگال قېزىپ كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بەش مېتىر ئورۇننى تۆت كۈن قېزىپ پۈتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى قالغان تۇپراقنى تازىلايلى، دەپ كەلسە تۈگمەننىڭ كويلىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا سان ـ ساناقسىز نۇرغۇن يىلانلار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ مىدىر ـ مىدىر قىلىپ يېتىپ كېتىپتۇ، ئۇ يىلانلارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھەممە يىلانلاردىن يوغان بىر سېرىق بوغما شەكىللىك چوڭلۇقى سەرەڭگىنىڭ تېلىدىن كىچىكرەك مۈڭگۈزلۈك يىلان بېشى يوغان بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ ئىسقىرتتى، ئۇنىڭ ئىسقىرتىشى بىلەن باشقا يىلانلارمۇ بىزگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىز قورقۇپ قېچىپ كەتتۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە چوڭ لامالىرىنى قىچقىرىپ كېلىپ يىلانلارغا سۈت چېچىپ، ئۇن چېچىپ، كېپەك چېچىپ ئەتىسى ئون تاغاردەك كېپەك ئېلىپ كېلىپ كېپەكنى يولغا يېرىم مېتىر كەڭلىكتە جىگدە بۇلاق تەرەپكە چېچىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىن ھېلىقى مۈڭگۈزلۈك يىلان ئۈچ قېتىم ئىسقىرتىپ چىرقىراپ كېپەكنىڭ ئۈستى بىلەن يولغا چىقىپ ھارۋىدا كېپەكنى چېچىپ ماڭدى. ھېلىقى مۈڭگۈزلۈك يىلاننى يىلانلار ئوتتۇرىغا ئېلىپ جىگدە بۇلاققا كۆچۈرۈۋەتكەنىكەن. ھازىر جىگدە بۇلاق ئەمەس، يىلان بۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ ئەھۋالنىڭ ۋاقتى 1932 ـ يىلى 7 ـ ئاي مەزگىلى ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى مۇھەممەد تۈگمەنچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن.

30 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى قەشقەر كاتتايلاق ئويتاغ دېگەن يەردە ئىبراھىم چىغار ۋە بۇقاخۇن دېگەن ئىككى كىشى بولۇپ، بۇلار ياخشى ئات مىنىپ يۈرىدىغان، نەدە ئوغلاق تارتىش، مەشرەپ، چېلىش بار ئورۇنلاردا تاماشىنى كۆپرەك قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئىككىسى ئاتلىرىنى مىنىپ ئويتاغدىن يولغا چىقىپ توڭگۇز ئاغزى تەرەپتىكى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دېھقانچىلىق قىلىدىغان يېرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتلىرىنى توختىتىپ ئەتراپىغا قارىسا ھاۋادا بىر نەچچە تورغايلار چۇرۇلداپ سايراۋېتىپتۇ. بۇ تورغايلار ئىچىدە ئۈچ يەردە ئۈچ تورغاينىڭ تۈكلىرى توزۇپ بارا ـ بارا يەرگە توزۇشقا باشلاپتۇ ھەم تورغايلار يەرگە تۆۋەنلەپ چۈشۈۋېتىپتۇ. بۇ

نېمە ئالامەت دەپ قارىسا ھېلىقى تورغايلارنىڭ يۈگلىرى توزۇپ لوخ گۆش بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. تورغاي چۈشكەن يەرگە قارىسا ئۈچ يەردە ئۈچ يىلان تىكەنگە قۇيرۇقىنى ئورىۋېلىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تورغاينى دەم تارتقانىكەن، بۇ ئىككىسى ھېلىقى تورغايلارنى بىراقلا ئاغزىغا سېلىپ ئاستا ـ ئاستا ناھايىتى تەستە يۇتۇۋېتىپ مېڭىپ كېتىپتۇ، بۇ ئىشقا ھەيران قالغان بۇ ئىككىسى بۇ يەردە يىلان كۆپ ئىكەن دەپ ئاتلىرىنى قامچىلاپ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تېمىغا كېتىپ قاپتۇ.

ئىبراھىم چىغار بىلەن بۇقاخۇن دېگەن ئادەم يەنە مۇنداق بىر ۋەقەنى كۆرگەنىكەن. 30 ـ يىللاردىن بۇرۇن بۇ ئىككى ئادەم قىشنىڭ ئاخىرقى بىر سوغۇق كۈنلىرىدە ئويتاغدىن پەيزاۋات ناھىيىسىگە بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاچ پەيزاۋات بازىرىنى كۆرگىلى مېڭىپ خان دەرياسى تەرەپتىكى يول بىلەن كېتىپ بارسا يولدىن بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا، 200 دەك تۆگە ئوتلاۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر بۇغرا تۆگە بولۇپ تازا مەست بولغان ۋاقتى ئىكەن. بۇ تۆگىنىڭ ئاۋازى بوغۇلدىسا ناھايىتى يىراق يەرگە ئاڭلىنىدىكەن. بۇ تۆگە بىزنى كۆرۈپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئېغىناشقا باشلىدى. بىز بۇ تۆگىدىن گۇمان قىلىپ ئېتىمىزنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قاچتۇق. بىر ۋاقىتتا ئارقىمىزغا قارىساق تۆگە تېخى ئېغىناۋېتىپتۇ. ئاڭغىچە بىزمۇ خان دەرياسى بويىغا كېلىپ قالدۇق. ئاتلىرىمىزنى توختىتىپ ئارقىمىزغا قارىساق ھېلىقى مەست تۆگە بىزگە 100 مېتىرلا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بېشىنى يەرگە سېلىپ يۈگۈرىدىغان بولسا ئۇچار جانىۋارلارمۇ ئۆتەلمەيدىكەن. بىز دەرھاللا خان دەرياسىدىكى سىلىق مۇزدىن ئۆتۈۋېلىپ ئارقىمىزغا قارىساق تۆگە مۇزغا كېلىپ تەپتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تۆگە تۇرىمەن دەيدۇ، سىلىق مۇزغا تېيىلىپ تۇرالمايدۇ، يەنە تۇرىمەن دەيدۇ، تۇرالماي بېشىنى بىر نەچچە قېتىم مۇزغا ئۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۆلدى.

ئەگەر بىز بىپەرۋالىق قىلىدىغان بولساق تۆگە كېلىپ بىزنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، شۇڭا مەست تۆگىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم ئىكەن.

1942 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئىچى، مەن ئاغىنەم غاپپار باي بىلەن بورتالالىق ئوشۇر بورىچى دېگەن بورا توقۇيدىغان قۇمۇچىنى بورتالانىڭ 3 ـ رايون قومۇشلۇقىدىن ھارۋا بىلەن ئېلىپ چىقىپ بېرىشكە توختاملىشىپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئۆيىمىزدىن كۈن پاتقاندىن كېيىن 3 ـ رايونغا قاراپ ئىككى ھارۋا بىلەن يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىققاندىن كېيىن ھاۋا بۇلۇتلىنىپ قاتتىق گۈلدۈرلەپ ھەم چاقماق چېقىپ چاقماق چۈشۈپ كېتەمدۇ نېمە دېگەن قورقۇنچ بىلەن كېتىپ بارىمىز. ئەمما يامغۇر ياغمىدى، مېنىڭ قولۇمدا يېرىم مېتىرچە ئات ھەيدەيدىغان كىچىككىنە بىر تاياق بار بولۇپ، بۇ تاياقنىڭ ئۇچىغا كىچىك شامدەك بىر ئوت يورۇق بولۇۋالدى. تاياقنىڭ بېشىنى يەرگە قاراتسام ئوت يورۇقى يوق. يۇقىرى قاراتقان بېشىغا يورۇق كېلىدۇ، يېنىمدىكى پىچىقىمنى ئېلىپ پىچاقنىڭ ئۇچىنى يۇقىرى قاراتسام ئوت يوق. پىچاقنىڭ سېپىنى يۇقىرى قاراتسام ئۇچىدا ئوت بار، ھارۋىدا ئېگىشىپ تۇرۇپ ئاتنىڭ قۇلىقىغا قارىسام ئوت يوق. ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى چوقىسىغا قارىسام ئوت يورۇقى بار، مەن بۇ شەيتان بولسا كېرەك دەپ ئايەت ئوقۇپ سۈف دەپ ھۈرۈپ باقتىم ئىمكان بولمىدى. ئارقامدا كېلىۋاتقان غاپپار بايغا قولۇمدىكى تاياقنى كۆرسەتسەم ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ئۇنىڭمۇ قولىدىكى تاياقتىن ئوت كۆرۈندى، بىز ھەيران قېلىپ، تۈيغۇن تاز دېگەن كىشىنىڭ سارىيىغا ئاز قالغاندا ھېلىقى ھاۋا گۈلدۈرلەش، چاقماق چېقىش ۋۇتەي تەرەپكە كېتىپ قالدى. قولىمىزدىكى ھېلىقى ئوتمۇ يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تۈيغۇن تازنىڭ قورۇسىغا كىرسەك، ئۇلار ھويلىغا ئورۇن سېلىپ ئۇخلىغانىكەن. بىز تۈيغۇن ئاكامنى ئويغىتىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەك ئۇ ئادەم بىزگە خاپا بولۇپ كەتتى. «سىلەر كىچىكلىك قىپسىلەر، ئۇ دېگەن ‹شۇ قەدرى› دېگەن ئۇلۇغ نەرسە، خۇدا سىلەرگە بەرگەن ئىكەن، سىلەر بىلمەپسىلەر، سىلەر قولۇڭلارنى كىچىككىنە قانىتىپ ھارۋىنىڭ جاھازىسىنى تۇتۇپ ئالساڭلار، ئالتۇن بولۇپ كېتەتتى، باي بولۇپ كېتەتتىڭلار» دېدى. بىز بۇ ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن ئارماندا قالدۇق. بىز ھارۋىمىزنى ھەيدەپ تاڭ ئاتقاندا قومۇش بار يەرگە بېرىپ قومۇش بېسىۋاتقان بولساقمۇ كۆڭلىمىز «شۇ قەدرى» بىلەن بولۇپ، شۇ كۈنى قايتىپ كەلگىچە كۆڭلىمىز پاراكەندە بولۇپ كەلدى. ئەتىسى قومۇشنى بوردىچىغا چۈشۈرۈپ بېرىپ بورتالادىكى ئىناۋەتلىك زەيدۇن ئىمامغا كۆرگەن ئەھۋالنى ئېيتساق ئۇ كىشىمۇ تۈيغۇن تازدەك «شۇ قەدرى» دېدى. يەنە باشقا كىشىلەرگە دېسەكمۇ ئۇلارمۇ يۇقىرىقى كىشىلەرگە ئوخشاش جاۋاب

بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئارماندا قالدۇق.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لەنتىدى مەھەللىسىنىڭ ئىمامى مۆمىن خەلپىتىمگە بۇ ئەھۋالنى بايان قىلساق بۇ كىشى مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئاتموسفېرادا ‹دۇم› ئاتىلىدىغان بىر غايىب دەريا بار، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ كەتكەندە دۇنيادىكى ئېسىل جاۋاھىرلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر مۇشۇ دەريانىڭ ئاستىدىن كۆچىدۇ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى تاياقتىكى ئوت ئۇچقۇنى شۇ جاۋاھىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ شولىسى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئەھۋال 42 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۈگۈن 61 يىل بوپتۇ، مېنىڭ 20 ياش ۋاقتىم ئىدى. بۇنىڭدىن ھازىرغىچە تولۇق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم.

1945 ـ يىلى ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قوبۇقساردىكى دۈشمەنلەر قېچىپ مايتاغقىچە قوغلاپ بېرىپ مىلانغا چۈشكەنلىرىنى ئورتا فرونتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتاردا كېچىدە (ھازىرقى قاراماي ئەترابى بولسا كېرەك) تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئۇيقۇمىز كېلىپ ئۇ يەردە، بۇ يەردە بولۇپ ئاتلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ ئۇخلاپ قاپتۇق. جاھان تىنىپتىنچ كېچىدە شىخو تەرەپتە ئانچە ـ مۇنچە ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، يۇلتۇز ئوقلار يۇلتۇز ساقىغاندەك كۆرۈنۈپ تۇردى. بىر ۋاقىتتا قاردساق تاڭ ئېتىپ كۈن چىقاي دەپ قاپتۇ. بىز شۇ ئورۇندا ئۈچ كىشى ئىدۇق، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئەتراپىمىزغا قارىساق بىز ئۈچ كىشىنى بىر نەچچە يۈز يىلانلار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئايلىنىپ يېتىپتۇ، بىز قورقۇپ دەرھاللا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. بىزنىڭ تۇرۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرگەن يىلانلار بىزگىمۇ زاھا قىلماستىن دەرھاللا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر تۆشۈكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. بۇ ئوردىلىق يىلان بولۇپ، كېچىدە بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ ياتقاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئاتلىرىمىزمۇ بىر ئۈركۈپ توختاپ قالدى. يىلانغىمۇ قەست قىلمىسىڭىز ئۆزى كېلىپ چاقمايدىكەن، بىز بىر چۆپلۈككە كېلىپ ئاتلىرىمىزنى بىرەر سائەت بېقىپ، نانلىرىمىزنى سۇغا چىلاپ يەپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قىسمىغا كېلىپ قوشۇلدۇق.

(ئاپتور: ئارشاڭ ناھىيىلىك چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى)

مۇھەررىر: مۇختار مۇھەممەد

# «تۆمۈر قوزۇق» شىنجاڭ فولكلور سىن ـ سۈرەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش تۈنجى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىرلىشىپ، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا «تۆمۈر قوزۇق» شىنجاڭ فولكلور سىن ـ سۈرەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ۋە تۈنجى قېتىملىق فولكلور سىن ـ سۈرەت نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئاتاقلىق فوتو نەزەرىيىچىسى، شىنجاڭ فوتو نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى خەن جياۋجيەن پەخرىي رەئىسلىككە، «تۆمار قوزۇق» رەقەملىك سۈرەت ياساش مەركىزىنىڭ لىدىرى جاۋ دۈڭشىڭ رەئىسلىككە، خەن ليەن ئىجرائىيە رەئىسلىككە، گوشياۋدۇڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسلىككە، تۇسېيك، لى فاتىڭ، لى تەيباۋ، زۇ لىڭگۇاڭ، باۋدى، جۆرى قادىرى قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، لى جيەنمىڭ باش كاتىپلىققا سايلاندى.

بۇ جەمئىيەت شىنجاڭدىكى فوتوگرافلارنى تەشكىللەپ، سۈرەتكە تارتىش، ئۇنىئالغۇ، سىنئالغۇغا ئېلىش ۋە زامانىۋى رەقەملىك تېخنىكا، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان فولكلور بايلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ، قېزىپ، فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئۆزگىرىشىنى جانلىق خاتىرىلەپ، مىللىي مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇپ، مىللەتلەرئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ جەمئىيەت شىنجاڭ «تۆمۈر قوزۇق» رەقەملىك سۈرەت ياساش مەركىزىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، شىركەت ھەر يىلى بۇ جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت ئىشلىرىغا 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىدۇ.

يىغىندا ئاتاقلىق سەنئەت ئوبزورچىسى، فوتو نەزەرىيىچىسى، پروفېسسور لىي ماۋكۈي سۆز قىلدى، مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق فولكلور سىن ـ سۈرەتچىسى خەن ليەن ئۆزىنىڭ فولكلور سىن ـ سۈرەت تەجرىبىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە خەن ليەن، تۇسېيكلەرنىڭ فولكلور سۈرەتلىرى كۆرگەزمە قىلىندى.

# توكيودا قانچە تېلېۋىزىيە قانىلى بار



ياپونىيىنىڭ توكيودا قانچە تېلېۋىزىيە قانىلى بارلىقىنى سوراپ باقمىغان بولساممۇ، بىر دوستۇم ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق يوللانمىدىن توكيودا ئاران ئالتە قانال بارلىقىنى بىلدىم.

بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. توكيو دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ شەھەر، نوپۇسى 26 مىليون 500 مىڭ. بۇ بېيجىڭ نوپۇسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ زامانىۋىلاشقان شەھەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق بىر شەھەرنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ يەنە 20 قانال كۆپەيتسىمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ. بىراق ئۇلار بايلىق مەنبەسىنى تېجەش ئۈچۈن ئاران ئالتە قاناللا تەسىس قىلغان.

ئەكسىچە، بىزنىڭ چوڭ ـ ئوتتۇرا شەھەرلىرىمىزدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرىغا نەزەر سالساق، باشقىسىنى قويۇپ تۇرساقمۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدىكى تېلېۋىزوردىلا 55 قانالنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەرلىكتىن كەم دېگەندىمۇ 24 قانال تارقىتىدۇ. بۇ توكيودىكى قانالنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؟ ئەجەبا، بىزنىڭ بايلىقىمىز شۇنچە مولمۇ؟ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىمىز شۇنچە كۈچلۈكمۇ؟ تېلېۋىزىيە ئىشلىگۈچىلىرىمىز ۋە رىياسەتچىلىرىمىز شۇنچە يارامامدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب تاپماق تەس ئەمەس.

مېنىڭچە ھازىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇش، تېلېۋىزىيە ئېچىش دېگەنلەر ئاسانلا روياپقا چىقىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. ئالدىنقى يىللىرى، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى يولغا قويۇلۇشى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 10 نەچچە تېلېۋىزىيە قانىلى كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزىيە كېزىتلىرىمىز بەت سانىنى كۆپەيتىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى. ھازىر كىچىك ناھىيە بازارلىرىغا بارساقمۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ قانىلىنى كۆرەلەيمىز. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى قۇرۇش، قانال ئېچىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسان بولۇپ كېتىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەش ئاسان بولۇپ كەتتى. ھازىرغىچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇشتىن بۇرۇن، قايسى ئەمەلدار پۇقرادىن پىكىر ئاپتۇ. ھالبۇكى، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇنداق بىر چوڭ پايدىسىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، شۇ جايدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىش. باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلى بىلەن رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇشقا كۆپ كۈچ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدا، ئەلۋەتتە تېلېۋىزىيىنىڭ ئۇچۇر سىغىمچانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر مەيلى 50 ياكى 60 قانال بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق. خەۋەر، ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ـ سەنئەتتىن تارتىپ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغىچە قايسى بىر نومۇرنى كۆرسىڭىز كۆرۈپ بولۇپلا پۇشايمان قىلىسىز. قوشۇقا تېگىشلىكلىرى قويۇلماي، قويۇشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى قويۇلۇۋاتقان، بۇ سېپى ئۆزىدىن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، پۇل ـ مالنى دەپ كىشىگە زىيان سالغانلىق. بىر يىل ئاۋۋالقى ئامېرىكا «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان چوڭ ۋەقە. بىراق، بۇ چاغدا بىزنىڭ مۇخبىرلىرىمىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. نەتىجىدە، كۆزگە چېلىقمايدىغان شياڭگاڭ سۇمۇرغ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 36 سائەت بىۋاسىتە ئاڭلىتىش بېرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بارلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى

پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، بەزىلەر چەت ئەلدىكى كەسىپداشلار بىلەن ئالاقىلەشتىش ۋاقتى جەھەتتە بەسلەشكەن (بۇگۇنكى كۈندە قانچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ خېلىلا ئالدىدا تۇرارمىش). ۋاقىت نېمىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلىسۇن؟ ئۇ پەقەت كۆرگۈچىسى يوق نەرسىلەرنىڭ قويۇلۇش ۋاقتى ئۇزاق بولىدىغانلىقىنى، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇل - مېلى ۋە بايلىقىنى ئىسراپ قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، خالاس.

ھازىر، ئاخبارات ۋاستىلىرى «ناچار قۇرۇلۇش» ھەققىدە ئۇنى - بۇنى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تېلېۋىزىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر ناچار قۇرۇلۇش، ھەر كۈنى كۆرگۈچىلىكى يوق ئاخبارات ۋە غىدىقلاپمۇ كۈلدۈرەلمەيدىغان كىچىلىكلەر ئەتىدىن - كەچكىچە باشقىلارنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشلار، تەكرار تېتىقسىزلىقلار... كۈنىگە نەچچە مىليون پۇلنى ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. ئەجەبا، بۇ ناچار قۇرۇلۇش بولماي نېمە؟

خەنزۇچە «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلى 2003 - يىلى مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

خوتەن شەھەرلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ تىلماچى ئايىنۇر مەتتۇرسۇن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## بىلدۇرگۇ

يېقىندا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن داڭلىق تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلغان «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» ناملىق ئىككى قىسىملىق فېلىيەتونلار توپلىمى نەشىردىن چىقتى.

مەزكۇر كىتابقا خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ نادىر فېلىيەتونلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. «ھەق سۆزلىگەن گۇناھمۇ» ناملىق بۇ ئىككى قىسىملىق فېلىيەتونلار توپلىمى تەرجىمەشۇناس توختى باقى ئارتىشىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ» ناملىق فېلىيەتونلار توپلىمىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە سۇنغان يەنە بىر قىممەتلىك سوۋغىسى بولۇپ، تاللانغان ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر، بەدىئىي سەۋىيىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، تەرجىمە سەۋىيىسى يۇقىرى.

بۇ كىتاب كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغۇسى!

# يۇمۇرلار

دادىسى: بالام، دەرەختە 10 قۇشقاچ بولسا، ئۇۋچى بىر پاي ئوق ئاتسا، ئۇنداقتا دەرەختە يەنە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ؟

بالىسى: 10 قۇشقاچ قالىدۇ، دادا.

دادىسى: بىر قۇشقاچنى ئېتىۋەتسە توققۇزى قالامدۇ، بالام؟

بالىسى: ئۇۋچىلارنىڭ ھەممىسلا مەرگەن بولمايدۇ، دادا.

* * *

ئەر: سىز شۇنچە چىرايلىق كىيىنىپ نەگە بارىسىز؟

ئايال: چۈشتىن كېيىن ئىدارىمىزغا سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىدىكەن.

ئەر: ئۇلار كەلسە سالامەتلىك تەكشۈرىدىغاندۇ؟

ئايال: بىراق سالامەتلىكىمىز كىيىمنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ - دە!

* * *

«بايراق كۆيۈپ كەتمەمدۇ»

بالا: ئاپا، دۆلەت بايرىقىمىزدا ئاي ۋە يۇلتۇز بار ئىكەن، نېمىشقا قۇياش يوق؟

ئاپىسى: ئەخمەق بالام، ناۋادا قۇياشنىمۇ سىزىپ قويسا بايراق كۆيۈپ كەتمەمدۇ؟

* * *

بالا: ئاپا، نېمىشقا بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يىغلاپ چۈشىدۇ؟

ئاپىسى: پاختىدەك يۇمشاق ئورۇندىن قاتتىق يەرگە چۈشسەڭ سەنمۇ يىغلايسەن - دە!

* * *

«ئىستىقباللىقلارنى كۆرۈش ئۈچۈن»

قىزچاق: دادا، نېمىشقا ئاپام كۆزەينەك تاقىمايدۇ، سىز تاقايسىز؟

دادا: ئاپاڭلارنىڭ كۆزى كىيىمنىلا كۆرسە بولىدى، بىراق مېنىڭ كۆزۈم سىلەرنىڭ كېلەچىكىڭلارنى كۆرمىسە بولمايدۇ - دە!

* * *

«ھوقۇق ئائىلىلەردە»

A: ھازىرقى زاماندا قىزلار سامانەك كۆپىيىپ كېتىۋاتامدىغۇ؟

B: چۈنكى تۇغۇش ھوقۇقى ئائىلىلەردە تۇرسا...

MIRAS

# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى

ئابلىز ئورخۇن



## قوينىڭ كۆزى

«بالا، بالا بولغىچە ئانىسى موما بوپتۇ» دېگەن بەكار گەپ ئەمەس. ۋاي بۇ بالىنى چوڭ قىلماق! بەزىلەر «بالا باقماق قانچىلىك ئىش، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسالا ئۇخلاۋېرىدۇ ياكى ئويناۋېرىدۇ» دەپ گەپ ساتىدۇ. شۇ بۇرادەرلەر ھېچبولمىغاندا بىر كۈن ئانا ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالسا ئىدى! تىلسىز باللاردا ئۇچرايدىغان بەزى ئاغرىق ـ سىلاقلارچۇ تېخى! مەسىلەن: بالىنىڭ تىلىنى چاپناپ، ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىشنى ئالايلى. راست، بۇ نارەسىدىنىڭ جېنىغا پاتىدىغان، ئۇنى يىغلىتىپ قاقشىتىدىغانمۇ ئاغرىق ئەمەس. بىراق، بالىنىڭ ئاغزىدىن توختىماي سۇ ئاققاچقا، كىيىمىنى ھۆلدىن ـ ھۆلى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ.

مومام رەھمىتى ئەنە شۇنداق ئاغرىققا يولۇققان نارەسىدىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ياش ئانىلارغا: «مال سويۇۋاتقانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قوي تىلىنىڭ ئۇچىنى كەسكۈزۈپ، ئوڭ كۆزىنى ئويدۇرۇپ، شۇنى بالىنىڭ باش ـ كۆزىگە دوملاپ، ئاندىن ئىشىكتىلارنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويۇڭلار» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى.

مەنمۇ باللىرىمنى تەربىيىلىگەندە بۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم، دەپ ئېيتالمايمەن. ئەمما نەۋرىلىك بولغىنىمدىن بېرى بۇ ئۇسۇل بەكمۇ ئەسقېتىۋاتىدۇ. نەۋرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مومامنىڭ ئاشۇ ئەرزىمەس دورىسى بىلەن ساقايدى. بۇنى باشقىلارنىڭمۇ قوللىنىپ قويغىنىنىڭ يامىنى يوقمىكىن دەيمەن.

مۇشۇنداق ئاغرىققا بەزىلەر قوينىڭ ئوڭ كۆزى ۋە تىلىنىڭ ئۇچىنى قايناق سۇدا چايقاپ، بالىغا ئىچكۈزىدىكەن.

## كەپتەر

پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار جان ـ جانىۋارلار گۆشلىرىنى، پۈتكۈل ئۆسۈملۈكلەرنى ئىسسىق ۋە سوغ دەپ ئايرىيدۇ. مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ياركەنت ناھىيىسىنىڭ نادەك يېزىسىدا 100 گە تاقاپ ئالەمدىن ئۆتكەن غۇلامدىن تاغىدىن سورىغىنىمدا ئۇ: «ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاللا تائالا بىزگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىلەرنى يەپ قويۇپ، بېھىشنى بۇلغىغاندا، ئىككىسىنى جاھاننىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا ئالەم بۈك ئورمانلىق ئىكەن. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بىر ـ بىرىنى ئىزدەيدىكەن. ھاۋا ئانىنىڭ كۆز يېشى تامغان يەردىن ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر، ئادەم ئاتىنىڭ كۆز يېشى تامغان يەردىن سوغۇق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىققانىكەن» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. بوۋايغا بىر نەرسە دېمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئىچىمدە بۇ گەپلەرنى رېئاللىقتىن يىراق، خىيالىي نەرسە دەپ ئويلىدىم. بوپتۇ، غۇلامدىن تاغىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆسۈملۈكلەرنى شۇنداقمۇ دەيلى. ئەمدى سىيىر، توخۇ گۆشلىرىنى نېمىشقا سوغۇق؛ قوي، ئات، كەپتەر گۆشلىرىنى نېمىشقا ئىسسىق دەيمىز؟ ئۇلار كىملەرنىڭ كۆز يېشىدىن پەيدا بولغانىكەن؟

بۇ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئۇلۇغلاپ توقۇلغان ئەپسانە خالاس. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، ئۇيغۇرلار كەپتەر گۆشىنى ۋە قېنىنى ئوت ئىسسىق دەپ تەرىپلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تېۋىپلار ئۇنى قەدىم زامانلاردىن بېرى ئاساسەن سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ كونا تېۋىپلار كەپتەر باچكىسىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: 18 ـ ئەسىردە ياشىغان تېۋىپلار كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق كىشىنىڭ مىجەزىگە ماس كېلىۋېرىدۇ، بىمارغا قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ دوۋسۇن ئاغرىقلىرىغا شىپالىق دورا، دەپ تەكىتلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تا بۈگۈنگە قەدەر دوۋسۇن ئاغ-

رىقلىرىغا كەپتەرنى بوغۇزلاپ ئىسسىق قېنىنى سۈركەش ياكى كەپتەر گۆشىنى ئىسسىق پېتى دوۋسۇنغا چاپلاش ئادەت بولۇپ كەلمەكتە.

كەپتەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىز تېبابىتىدىمۇ كەڭ ئىشلىتىلىدىكەن. مەسلەن: ئۇ پالەچ، ئەزالارنىڭ تىترىشى، لەقۋا، بوشاڭلىقنى يوقىتىش، ياخشى قان پەيدا قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كەپتەر باچكىسىنى يەپ تۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تا مۇشۇ كەمگىچە ئىلگىرىكى كېڭەش ئىتتىپاقى زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەپتەرنى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلاردەك كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكىنىنى كۆرمىدىم. چۈنكى بۇ دىياردىكى ئۇيغۇرلار: «بۇ نوھ ئەلەيھىسسالامغا سادىق بولغان قۇش، ئۇنى تۇتۇشقا، ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بىراق، جان تاتلىق، بەزىدە قائىدە بۇزۇلۇپ، بەزى بالىلار ئاغرىقلىرى ئۈچۈن كەپتەر دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلەۋاتىدۇ. مەسلەن: بۇنىڭدىن 30 ـ 40 يىل ئىلگىرى كۆكسى سوغۇق تېگىپ ئاغرىغان ئاياللار، كەپتەرنى بوغۇزلاپ ئىسسىق پېتى كۆكسىگە تېڭىش ئادىتى بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ كۆكسىگە چۈشكەن ئىششىق دەرھال ياناتتى ياكى تېزلا ئېغىز ئالاتتى.

كەپتەر باچكىسىنىڭ تولاراق بالىلار ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى يادىمدا. مەسلەن: نارەسىدىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تومۇرلىرى كۆكىرىپ چىقىپ، بېشىنى كەينىگە تارتىپ يىغلىسا، تولا خەقشىلىق قىلسا، بۇ بالىنىڭ (ئاساسەن ئوغۇل بالا) سوغى ئاشقان ھېسابلىنىدۇ. بۇنى يەنە ئەڭگىزى ئېشىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ . مۇنداق ئەھۋالدا بىرەر ياۋا كەپتەرنى تۇتۇپ (باچكىسى بولسا تېخىمۇ ياخشى) بالىنى يېشىندۈرۈپ، بىرىمىز ئۇنى دۈم ياتقۇزۇپ تۇتۇپ تۇرىمىز ـ دە، يەنە بىرىمىز «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، جانغا ـ جان» دەپ كەپتەرنى بالىنىڭ دولىسىغا بوغۇزلايمىز ھەمدە ئىسسىق قانىنى بالىنىڭ دۈمبىسىگە، پۇت ـ قوللىرىغا، ئۇگە ـ ئۇگىسىگە، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە، پېشانە ۋە چېكىلىرىگە سۈرىمىز. بۇ ئۇسۇل ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم، كۈن ئاتلاپ، كەچقۇرۇنلۇقى يېتىش ئالدىدا قوللىنىلىدۇ. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، يەنە بىر تەكرارلىسا، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بەزى يېزىلاردا كەپتەر باچكىسى سوغى ئېشىپ، ئەڭگىز بولۇپ كەتكەن بالىلارغا ھەر كۈنى دېگۈدەك بوغۇزلاپ تېڭىلىدىكەن. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن، كەپتەرنى قائىدە بويىچە بوغۇزلاپ، ئىچى تازىلىنىدۇ. ئاندىن گۆش تۆمۈر ھاۋانچىدا سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ. بەلكىم بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرىدۇر. بىراق، قانچە سوقۇلغان بىلەنمۇ كەپتەر باچكىسىنىڭ سۆڭەكلىرى بەرىبىر تالقاندەك ئۇۋۇلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بالا مىدىرلىغاندا ئۇستىخان قىيىندىلىرىنىڭ بالىنىڭ يۇمران بەدىنىگە سانچىلىپ جاراھەتلەندۇرۇشى، كۈتۈلمىگەن باشقا بىر ئاغرىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېھتىمال. شۇڭا بۇنداق ئۇسۇلدا دورا قىلغاندا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

بەزى جايلاردا سوغى ئېشىپ، ئەڭگىز بولۇپ كەتكەن بالىلارغا كەپتەر مايىقىمۇ ئىشلىتىلىدىكەن. بىر پۇتى ياكى ھەر ئىككى پۇتى سۆڭگىكىدىن تارتىپ تۆۋەنگە قاراپ ئاغرىيدىغان، مېڭىش ـ تۇرۇشى ئېغىرلاشقان ئادەملەرگە دەل كەپتەر مايىقى دورا ئىكەن. قوشنام ھاجىمۇھەممەدنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باقايلى: «قايسى يىلى ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە يوق، مەن ئۇ چاغدا تېخى بالا ئىدىم، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئاكامنىڭ تويى بولدى. بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەڭگەم ئىككى پۇتىنى باسالماي ئولتۇرۇپ قالدى. مەن سىزگە غۇلجىدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن جۇمۇ! تېۋىپلارغا ئېلىپ باردۇق، نەتىجە بەرمىدى. كېيىن تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئاغرىقخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇق، يەنە ئۆزگىرىش بولمىدى، بىچارە قىز ناھايىتى قاتتىق دەرد تارتتى. ھەممىسىلا سوغى ئاشقان دەيدۇ ـ يۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئانام رەھمىتى بىرىدىن ئاڭلىدىمۇ ياكى ئۆزى بىلىپ قىلدىمۇ، بىلمەيمەن، مېنى كەپتەر مايىقى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن كەلگۈچە ئۆزى ئۇزۇنلۇقى 15، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان خالتا تىكىپ قويۇپتۇ. كەپتەر مايىقىنى قورۇپ، ئاندىن ھاۋانچىدا سوقۇپ ھېلىقى خالتىغا قاچىلاپ، كىچىككىنە ياستۇق ياسىدى. ياستۇق يەڭگەمنىڭ

توققۇز كۆزى (قۇيمۇچى)گە قويۇلۇپ، ئۇڭدا ياتقۇزۇلـ
دى. بۇ چارە ئۇدا ئۈچ كۈن ئاخشىمى قىلىندى. شۇنىڭ
بىلەن بىچارە يەڭگەم يەر دەسسەپ كەتتى.

## كىر سوپۇن

دۇنيادا تېخى تىلى چىقمىغان بالىنىڭ ئاغرىقىنى ئېـ
نىقلاشتىن ئېغىر نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇلار يا بېشىم،
يا قورسىقىم ياكى پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتالماي
يىغلىغىنى يىغلىغان. شۇڭا بۇگۈنكى ياش ئانىلار بەزىدە
ھەتتا چوڭلار بالىسى يىغلاپ قالغۇدەك بولسا، ۋاقتىنىڭ
ئەتىگەن ياكى كەچلىكىگە قارىماي يېشى ئۇلغىيىپ قالغان
قوشنا مومايلارغا يۈگۈرەيدۇ.

بۇنداق چاغدا مومام رەھمىتى ئانىنىڭ قولىدىن باـ
لىنى ئالاتتى ۋە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى سىيپاپ،
مىجىپ تۇتۇپ كۆرەتتى. بالىنىڭ قورسىقىنىڭ كۆپمىگەنـ
لىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ھەر ئىككى قۇلىقىـ
نىڭ تۈۋىنى بارمىقى بىلەن نوۋەتمۇنوۋەت ئاستا باساتـ
تى. مۇبادا بالىنىڭ قۇلىقى ئاغرىۋاتقان بولسا، بارماق
بىلەن باسقاندا ئاغرىق پەسىيىپ، نارەسىدە خۇش يېقىـ
ۋاتقاندەك قىلىپ، قۇلىقىنى موماملىڭ قولىغا ئىتتىرەتتى.
شۇندا بالىنىڭ ئانىسىغا «بالىڭىزنىڭ قۇلىقى ئاغرىۋېـ
تىپتۇ، ئۆيىڭىزگە بېرىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا سۈتىڭىزنى
سېغىڭ» دەيتتى. ياكى بالىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، بىئارام
قىلىۋاتقان بولسا، مومام تۈگۈچلىرىدىن ئىگىر تېپىپ،
كىچىككىنە سۇندۇرۇپ چاينايتتى ۋە بالىنىڭ ئېغىز ـ
بۇرنىنى، قۇلىقىنى هورادايتتى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا
بالىنىڭ ئىچىدىن يەل مېڭىپ، ئارام تېپىپ قالاتتى.

موموم رەھمىتىنىڭ ئاغرىق ئېنىقلاشتىكى بۇ ئاددىي
ئۇسۇلى تا مۇشۇ كۈنگىچە يادىمدا.

تەجرىبىلىك موماي ـ بوۋايلار مۇنداق بالىنىڭ ئاغـ
رىقىنى ئاسانلا ئېنىقلايدۇ. ئۇلار بالىنىڭ تولغىنىپ يىغـ
لىشىغا، چىرايىنىڭ قارىداپ كېتىشىگە قاراپلا: «بۇ بالا
چۈچۈك بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ.

بەزى ئانىلار مۇنداق ئەھۋالدا چوڭلاردىن كۆرگـ
ىنىنى ئەسلەيدۇ ـ دە، پەلكۈچ ياساپ كىر سوپۇننى ئېـ
زىدۇ ۋە بالىنى چۈچۈكدەپ قويىدۇ. ئەگەر بالىنى چۈـ
چۈكدىگەن پەلكۈچكە قارىسىڭىز، ئۇششاق ـ ئۇششاق
قۇرتلارنىڭ مىدىرلاپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. بىراق، كىر
سوپۇننى ئېزىپ پەلكۈچتە چۈچۈكدەش بىلەن بالىنىڭ
ئىچىدىكى قۇرتلارنى تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن
«شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىمنىڭ «ساھـ
ساق» توغرىسىدىكى بابىدا بۇ ھەقتە يازغانىدىم. شۇنـ
داق بولسىمۇ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قويسام
ئارتۇقچە كەتمەس. بەلكى بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش
كونىرىمايدىغان ئىش. كېيىنكى يىللىرى مەن چۈچۈكنى
كېسىش مەقسىتىدە ئىككى چىش سامساقنى ئېلىپ يۇـ
يۇپ ـ تازىلاپ ئۇششاق چاندىم. ئاندىن ئازراق ۋازىـ
لىن مېيىغا ئارىلاشتۇردۇم. شېشىدىكى سامساق ئارىلاشـ
تۇرۇلغان ۋازىلىن خېلى يىللارغىچە بۇزۇلمايدۇ. مانا
مۇشۇ ئارىلاشمىنى بالىنىڭ پۇرۇكىنىڭ چۆرىسىگە مايـ
لاپ، ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرسىڭىز، چۈچۈك
كېسىلىدۇ ۋە بالىمۇ ئارام تېپىپ قالىدۇ. مۇنداق قىلمـ
سىڭىز، قۇرت بالىڭىزنى ئون ياشقا كىرگەندىمۇ بەرىبىر
بىئارام قىلىدۇ. باشقا تەسىر بولۇپ قالامدىكىن دەپ
ئەندىشە قىلماڭ.

## زەمچە

شەخسەن مەن باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي تېبابەتچىـ
لىكىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەممەن.
ئەمما، بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئارىسىدا خۇددى بىزدىكـ
دەك، پەقەت بالىلار كېسەللىكلىرىگە بىۋاسىتە ئىشلىتىلـ
دىغان دورىلار توغرىسىدا بىر نەرسە كۆرگىنىم يوق.
مەسىلەن: بىزدە بوزبۇغا، جوزبۇغا (جۇزبۇۋا) دېگەن
دورىلار قەدىمدىن بۈگۈنگىچە پەقەت بالىلار كېسەللىكـ
لىرىگىلا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئىلىم جەۋھەر
بىلەن زەمچىمۇ تولاراق بالىلار كېسەللىكلىرىگىلا ئىشـ
لىتىلىدۇ. مەن ئۇنى موماملىڭ، كېيىن ئاپامنىڭ تەجرىـ
بىسىدىنمۇ كۆردۈم ھەمدە بۇنى ئۆز بالىلىرىمنى داۋالـ
غاندىمۇ ئاز ـ تولا ئىشلەتتىم.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ دورىلارنى تېـ
پىش ناھايىتى تەس. ئۆتمۈشتە، رۇسلاردا كۋاسسى دەپ
ئاتىلىدىغان زەمچە بىلەن لىموننىي كىسلاتا دەپ ئاتىلـ
دىغان ئىلمىي جەۋھەر يېمەك ـ ئىچمەك ماگىزىنلىرىدا
ۋە دورىخانىلاردا ھەمىشە تېپىلاتتى. بۈگۈن بولسا ئىلـ

مي جەۋھەرنى بىلمەيمەن، زەمچە پەقەت بازاردا، شەخسىلەر قولىدىلا تېپىلىدۇ.

ئىلمىي جەۋھەر سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ھېسابلىنىدۇ. نارەسىدىلەرنىڭ كالپۇكىنى گەز باغلاپ يېرىلىشقا تايىن تاپقاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئىلىم جەۋھەر پىچاقنىڭ ئۇچىدا ئېلىنىپ، سىنچايغا ياكى قايناق سۇغا ئىلەشتۇرۇلۇپ، ئازراق قەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ. كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىشلىتىلگەندە بالىڭىزنىڭ كەيپىياتى تامامەن باشقىچە بولىدۇ. ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدۇ. ئۇنى چوڭلار ئىستېمال قىلسىمۇ زىيىنى يوق.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوغۇل بالىلار سوغۇقچان كېلىدۇ. شۇڭا ئوغۇل بالىلارغا قىزلارغا قارىغاندا ئازراق ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، قىزلىرىمىزنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىلراق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلارنىڭ ئېچىنى ئاسانلا ئىسسىق باغلاپ كېتىدۇ. شۇندا ئۇنى قايتۇرىدىغان بىردىنبىر دورا ئىلىم جەۋھەردۇر.

بۇ يەردە ئىلىم جەۋھەر پەقەت نارەسىدىلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ، دېسەك، بەلكىم بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالۇر. ئۇنداق بولغىنى ئۇنى بەزىدە چوڭلارمۇ چىشلىرىنى چېڭىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: ئىلىم جەۋھەرنى پىچاقنىڭ ئۇچىدا ياكى چاي قوشۇقنىڭ سېپىنىڭ ئۇچىدا ئېلىپ، ئېغىز كۆيمىگۈدەك دەرىجىدىكى سۇدا ئېرىتىلىدۇ. ئۇنى كۈنىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئېغىزغا ئېلىپ، 15 ـ 20 مىنۇت ئولتۇرىسىز. شۇندا ئۆزلۈكىدىن بوشاپ، چۈشەي دەپ قالغان چىشلار تېزلا چىڭىيىدۇ.

ئىلىم جەۋھەرگە قارىغاندا زەمچىنىڭ ئىشلىتىلىشى پۈتۈنلەي ئەكسىچە، دېسەك خاتالاشمايمىز. مەسىلەن: تۇرمۇشتا كىچىك بالىلارنىڭ ئاغزى ئاغرىپ قاپتۇ، تىلى ئۇيۇلۇپ قاپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇنداق بالىنىڭ ئاغزىدىن توختىماي شۆلگەي ئاقىدۇ، خەقشىلىقىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. بۈگۈنكى ياش ئانىلارنىڭ تولىسى ئەنە شۇنداق شارائىتتا بالىسىنىڭ ئاغزىنى قانداق ۋە نېمە بىلەن داۋالاشنى بىلمەي بېشى قاتىدۇ. ئۇنىڭ دورىسى پەقەت زەمچە، ئۇ قورۇغۇچى تەبىئەتكە ئىگە تۇزغا ئوخشايدىغان ماددا. ئۇنى نارەسىدىگە بېرىش ئۈچۈن سەل تاۋلانغان قايناق سۇغا تاشلاپ، چاي قوشۇقى بىلەن بىر ـ ئىككى مىنۇت ئارىلاشتۇرىمىز. ئاندىن قايناق سۇدىكى زەمچىنى ئېلىۋېتىپ، بالىنىڭ ئاغزىنى چايقايمىز. بالا كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا چايقىسا، تىلىدىكى ئۇيۇلغان، ئېغىزىدىكى يارا ئۈچ كۈنگە قالماي ساقىيىدۇ.

ھەر كىمنىڭ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق. شۇڭا، بۇ نەرسە يەنە بالامغا ئەكس تەسىر قىلىپ ئاغرىتىۋالماي، دەپ تەشۋىشلىنىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان ئانىلارنىڭ چىقىشى تەبىئىي. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئەندىشە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئۇنداق بولغىنى، زەمچە ھۆللۈك يوقىتىپ، قان توختىتىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ تېز ئەت ئېلىشىنى تەمىنلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. مۇبادا يۇمشاق ئېزىپ، ئازراق ئىلمان سۇغا ئىلەشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

تاماق ـ بوغۇز ئاغرىقلىرىغا زەمچە تەمى چىقىرىلغان ئىسسىق سۇدا ئېغىزنى غار ـ غار قىلسا، ئاغرىق تېز توختايدۇ. زەمچە خەنزۇ تېبابىتىدە ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى سۇلۇق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش مەقسىتىدە ئىچىشكە بېرىلىدىكەن.

بەزى جايلاردا سۇدا ئېزىلگەن زەمچە چىش ئاغرىقلىرى، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن.

### قويىنىڭ قۇيرۇقى

قوي گۆشىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ ئېغىز ئۇپراتمىساقمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ قۇرۇق ۋە ئىسسىقلىقى، زەھەرسىزلىكى، بوۋاق چاغدا بەدەندە قالغان ئاغرىقلارنى داۋالايدىغانلىقى، يەلدىن بولغان ئاجىزلىقلارنى، كۆپ تەرلەشنى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ماغدۇرسىزلىقنى، قاتتىق ئاغرىقتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئاجىزلىقنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەممىگە مەلۇم. قىسقىسى، ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك ئوزۇق.

ئەمدى ئۇنىڭ قۇيرۇقىچۇ؟ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت كىتابلاردا تەكىتلىنىشىچە، قويىنىڭ قۇيرۇقى بەدەندە ياغ پەيدا قىلىدۇ، يەل زەھەرلىرىنى قوغلايدۇ. تۇغۇتتىن

كېيىنكى قورساق مۇجۇپ ئاغرىش ئاغرىقلىرىنى داۋالايدۇ. يۈزدىكى داغلارنى كەتكۈزىدۇ، ھەرخىل دورىلار بىلەن ئىشلەتسە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ. تەجرىبىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قوي قۇيرۇقى دوۋسۇنغا سوغۇق تەگكەنگمۇ پايدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ياغ بىلەن دوۋسۇننى مايلاپ، پىلتىدەك ئىسسىق نەرسىگە قاقلىنىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى ھەر كۈنى ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا ئۇدا بەش كۈن (ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا تېخىمۇ ياخشى) داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، داۋالىنىۋاتقان چاغدا بىمار ئۆزىنى ئىسسىق تۇتۇشى، سوغۇق سۇغا چۆمۈلمەسلىكى كېرەك.

قوينىڭ قۇيرۇقى چوڭلارغا قارىغاندا، كىچىكلەرگە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كىچىك بالا يېشىندۇرۇلۇپ، ئىسسىق يەردە ئۇنىڭ ئۆگە _ ئۆگىسى قۇيرۇق ياغدا ياغلىنىدۇ. يەنە قايىنتىلغان سۈتكە سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەڭگىل برونخىت ئاغرىقلىرىمۇ، يۆتەلمۇ ساقىيىدۇ.

كىچىك بالىلاردا سوغى ئېشىپ ئاغرىش (بۇ ھەقتە ئايرىم سۆزلىنىدۇ) كېسىلى، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار ھاياتىدا تولىمۇ كۆپ ئۇچرىشىدۇ. نارەسىدە كۆزلىرىنىڭ ياختىسى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىراڭغۇ بولسا، گەجگىسى كەينىگە تارتىپ بىئارام بولسا، دېمەك ئۇ بالىنىڭ سوغى ئاشقان.

بۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇش يولى، قوينىڭ كۆيدۈرۈپ ئېلىنغان قۇيرۇق يېغىنى ئىشلىتىشتۇر. بەزىلەر بۇ ياغ بىلەن بالىلىرىنى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە مايلاپ تۇرىدۇ. بەزىلەر دورىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ھىلىڭ ئارىلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر بولسا، قۇرۇق ياغ بىلەن سىكىپىدارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەتتا ئۆپكىگە سوغ تېگىشكە قارشى ئىشلىتىلىدۇ.

بەزىلەر بۇ دورىلارنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. شەخسەن مەن ئۇلارنى ئەھۋالغا قاراپ تەخمىنىي ئۆلچەمدە ئېلىپ ياسىدىم. شۇڭا دورا ياسىغاندا بالىنىڭ ئەھۋالغا قاراڭ دېمەكچىمەن.

ئېيتىپ قويىدىغان يەنە بىر نەرسە، ھەرقانداق كېسەل بىر ياكى ئىككى قېتىم دورا ئىشلىتىش بىلەن ساقىيىپ كەتمەيدۇ. «ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. نارەسىدىنى بۇ دورا بىلەن داۋالىغاندا سەۋر قىلىپ، ئېرىنمەسلىك، يېرىم يولدا يالتىيىپ قالماسلىق ياكى ئالدىراپ دورا ئالماشتۇرماسلىق كېرەك. بۇ قەتئىي تەلەپ. پەقەت سەۋرچانلىق قىلغاندىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مومام رەھمىتىنىڭ بىر ئادىتى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كەچلىك تاماق ئەتكەندە قازانغا بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى سېلىپ قوياتتى ۋە پىشقاندا ئېلىپ، نەۋرىلەرگە شورىتاتتى. بۇنداق ئوزۇقلانغان بالىنىڭ ئورگانىزمىدا سىرتتىن بولىدىغان سەلبىي تەسىرلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئېشىپ، ئالدىراپ كېسەل تەگمەيدۇ. مومام ئەنە شۇنداق كۈتكەچكە، ئۇكىلىرىم ئارىسىدا كىچىكىدە ئۆپكىسىگە سوغ تېگىش ئەھۋالى ئەسلا كۆرۈلمىگەنىدى. شەخسەن ئۆزۈممۇ ئۆپكىگە سوغ تېگىشنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت يېشىم 50 تىن ئاشقاندىلا ئاڭدىن بىلدىم.

## پاقىلىق

پاقىلىق ئۈششاق بالىلاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاغرىقنىڭ بىر تۈرى. بۇ تولىراق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردا كۆرۈلىدۇ. تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن بۇنىڭغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىتالمىدىم. بالا ئادەتتە پاقا بولغاندا ئۇنىڭ دولىسىغا بىر نەرسە چاپلىشىۋالغاندەك بىلىنىدۇ. ئۇ چىملداپ ياكى سانجىپ ئاغرىيدۇ. ياكى بالا بوينىنى تولغاشقا تەمشىلىۋاتقاندەك ھەرىكەتلىنىپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. شۇنداقلا تۇرۇلۇپ يىغلايدۇ.

مۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا مومام مەريەمخان بالىنىڭ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ دولىسىغا قاراپلا: «بالا پاقا بولۇپ قاپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويىدىغان. ئاندىن ئانىغا بالىسىنىڭ دولىسىغا سۈتىنى قېتىلىق _ قېتىلىق ساغدۇراتتى ۋە ئۆزى قىسقا ، دىقماق، ياپىلاق باشمالتىقىغا قازاننىڭ قۇرۇمىنى سۈركەيتتى _ دە، بالىنىڭ پاقا بولۇپ قالغان يېرىنى ئۇۋىلايتتى. كېيىن تۇتۇلمىغان يىڭنىنى ئالاتتى ۋە پاقا بولغان يەرگە سانجىپ _ سانجىپ قوياتتى. بۇ ئۇسۇل ئۇدا ئۈچ كۈن تەكرارلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن پاقا ياخشى بولۇپ

كېتەتتى.

ئىشقىلىپ مۇنداق كىسەللەر بىلەن كەلگەن ـ كەتكەنلەر مومامنى ئارامىغا قويمايتتى. بىراق، مومامنىڭ ئۆلاردىن بىرەر قېتىم زارلىغىنىنى ئاڭلىغىنىم يوق ئىدى.

پاقا ئاغرىقىنى ئۇۋۇلاپ داۋالاش بۈگۈنكى ئىلمىي تىبابەتچىلىك ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا ئۇۋۇلاپ داۋالاش دېيىلىدۇ. ئۇۋۇلاش بىلەن بالىنىڭ دولىسىدىكى لوق بولۇپ قالغان يەر يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ.

پاقىنى ئۇۋۇلىغاندىن تاشقىرى كىگىزدىن پاقا شەكلىدە كېسىپ، بۆشۈكنىڭ بالىنىڭ پاقا بولغان دولىسى ئۇدۇل كېلىدىغان يېرىگە قويۇلىدۇ. شۇ نەرسە يادىمىزدا بولسۇنكى، پاقا شەكىللىك نەرسە باشقا نەرسىدىن ئەمەس پەقەت كىگىزدىنلا ياسىلىدۇ. بالا بۆشۈككە بۆلەنگىنى بىلەن ئاز ـ تولا قىمىرلاش، بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا بۇراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. مانا شۇ ھەرىكەت بىلەن بالىنىڭ دولىسى كىگىزگە سۈركىلىپ ئۇۋۇلىغاندەك ھۇزۇرلىنىدۇ.

بەزىلەر مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قولىغا قاراپ، مۇبادا بارماقلار دىقماق ـ دىقماق، قىسقا ھەم يايلاق كەلسە، ئۇنى: «بۇ كىچىك باللاردا بولىدىغان پاقىنى ئۇۋۇلاشقا تازا باپ كېلىدىغان قولكەن» دەپ تەرىپلىشىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا ئاساسلىق نەرسە داۋالىغۇچى كىشىنىڭ ئۇدۇمىغا ئەمەس، بەلكى دىتىغا، ماھارىتىگە باغلىق. كەسپىي ئۇۋۇلىغۇچى بولۇشىغا قارىماي بەزىلەر ئادەمنىڭ دولىسىغا خۇددى چۇمۇلە ماڭغاندەك ھەرىكەت قىلىپ، غىدىقىڭىزنى كەلتۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئالدىغا بارساڭ، ئۇۋۇلاشتىن كېيىن ئۆزۈڭنى بەجايىكى ئۇسسۇزلۇقى قانغان، ھاردۇقى چىققان ئادەمدەك يېنىك ھېس قىلىسەن، راھەتلىنىپ ئۇخلىغۇڭ كېلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئۇۋۇلىغۇچىنىڭ ئىشى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باللاردا بولىدىغان پاقىنى ئۇۋۇلايدىغان ئادەم ناھايىتى ئەستايىدىل، كۆيۈمچان، ئىشچان بولۇشى كېرەك. مۇنداق ئادەملەر ھەممىلا ئۆيدىن تېپىلىدۇ. گەپ قولدا بار ئالتۇننىڭ قەدرىنى قانداق بىلىشتە.

## كۆز مونچاق

خۇددى ئۆتمۈشتىكىلەردەك بۈگۈنمۇ نارەسىدىلەرنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىدا، كوپتىسىنىڭ تۆشىدە تىكىلگەن كۆز مونچاقلارنى كۆرۈش مۇمكىن. ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزى نارەسىدىلەرنىڭ بىلەكلىرىگە كۆز مونچاق تىزمىلىرى باغلانغان. بىلمىگەنلەر ئۇلارنى زىننەت بۇيۇمى دەپ قېلىشى مۇمكىن. تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، ھوشيار ئادەملەر بۇ مونچاقلارنىڭ بالىغا بېزەك ئەمەس، بەلكى كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئېسىلغانلىقىنى پەرق قىلالايدۇ. بەزى ئۇششاق باللارنىڭ بىلىكىدىكى كۆز مونچاقلار ئارىسىدىن جىگدە شۇڭگىدىن ياسالغان سۈنئىي مونچاقلارنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلتۇمارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

شەخسەن ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىمچە، كۆز مونچاقنىڭمۇ، جىگدە شۇڭگىدىن ياسالغان مونچاقنىڭمۇ شىپالىق خۇسۇسىيىتى يوق. ئۇنداقتا كۆز مونچاق نېمىشقا تۇتىيا؟ نېمىشقا ئۇنى باللارنىڭ ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان يېرىگە تىكىپ قويىمىز ياكى باغلايمىز؟ تۇرمۇشتا كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ھەتتا پەنمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. بەزىلەرنى «كىچىك تىلىدا ياكى كۆزىدە مەڭ بار ئىكەن» دەپ قويىمىز. ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى خۇددى شۇنداقلاردىن ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇنى تۇرمۇشتىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. چۈنكى ئۇنداق خىسلىتى بار ئادەملەر نارەسىدىلەرگە تىكىلىپ بىر قاراپ قويسا ياكى بالىنىڭ چىراي ـ شەكلىنى، گەپ ـ سۆزىنىڭ، قىلىقىنىڭ تاتلىقلىقىنى سۆزلىدىمۇ بولدى، گۆدەككە ئاچ كىرىدۇ ـ دە، ھايال ئۆتمەي يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ. ياكى بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ خامۇش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق «تىلىدا مېڭى بار» ئادەملەر تۇرمۇشتا ھايۋانلارغىمۇ، گۈل ـ گىياھلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى بىلەن پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. شۇڭا قوغۇنچىلار قوغۇنلۇقىنىڭ بېشىغا، كەپىسىنىڭ ئالدىغا زاراڭزا تېرىپ ئۆستۈرىدىكەن. قوغۇنچىلارنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، كەلگەن مېھماننىڭ كۆزى بىردىنبىر تاۋۇزغا ئەمەس، ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان زاراڭزىغا چۈشىدىكەن ـ دە، پۈتۈن دىققىتى شۇنىڭغا سەرپ قىلىنغانلىقتىن گېپىنوز ئاجىزلىشىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز «يامان كۆزدىن» ئامان قالىدىكەن.

دېمەك، نارەسىدىلەرنىڭ دوپپىسىدىكى، كوپتىسىدىكى، بىلىكىدىكى كۆز مونچاق، جىگدە شۇڭگىدىن ياسالغان سۇنئىي مونچاق قوغۇن ـ تاۋۇزنى «يامان كۆزدىن» ساقلاپ قالغان زاراڭزىنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن. چۈنكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى بىردىن بالىنىڭ چىراي ـ شەكلى، قىلىقىغا ئەمەس، بەلكى نارەسىدىنىڭ بېزەكلىرىگە چۈشىدۇ ۋە «تىلىدا مېڭى بار» ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىكى گىپنوتىكىلىق تەسىرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ يامان كۆزى بالىڭىزغا ئانچە قاتتىق تەسىر قىلالمايدۇ.

ئاچ كىرىش، بۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئاغرىق بولماي، پېشقەدەم ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىچى تار، بالا-قۇلۇنلۇق بولمىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئاچ كۆز نەزەرىنىڭ بالىلارغا يامان تەسىر بېرىشىدىن بولارمىش. كۆز تەگكەندە بالا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىشى، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئاچ كىرگەن بالا ھەقىقەتەن يەڭگىل بولغاندا يىغلاپ خەقشىلىق قىلىپ، ئۆزىمۇ بىئارام بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىمۇ پاراكەندە قىلىدۇ.

ياش ئانىلار مەيلى قانداق ۋاقىتتا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مومام رەھمىتى ئادىتى بويىچە بالىنىڭ ئۈيەر، بۇيەرلىرىنى سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارايتتى. چۈنكى، ئاچ كىرگەن بالىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن مومام ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نان ـ تۇزنى ئالاتتى. ئاندىن ناننى كىچىك ـ كىچىك ئۈشتۈپ (مومام ناننى بەش ياكى يەتتە پارچە قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى) بالىنى ئاچلاشقا كىرىشەتتى. مومام ئەسنەپ ئولتۇرۇپ: «ئاچ كىردى، چۈش كىردى، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىقلارغا بار، ئەسكى تاملىققا كەت، مېنىڭ بالامدا (ياكى قىزىمدا) نېمە ئىش قىلىسەن؟» دېگەن سۆزلەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكرارلايتتى ۋە قولىدىكى نانغا تۈف ـ تۈف دەپ تۈكۈرگەندەك قىلاتتى. تۇزنىمۇ خۇددى شۇنداق بۆلۈپ، بالىنى ئاچلايتتى. ئاخىرىدا بالىنىڭ ئانىسى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئورۇن يۆتكەپ ئولتۇراتتى. شۇندا مومام «ناننى ئىتقا بېرىۋەت» دەپ ماڭا تۇتقۇزاتتى. ئۆزى تۇزنى ئاپىرىپ ئوچاقتىكى قوقاسقا تۆكەتتى.

بەزىدە تۆت كوچىنىڭ چېتىشقان يېرى دەپ، يولدىن بىر سىقىم توپا ئالدۇرۇپمۇ ئاچلايتتى. مومامنىڭ چۈشەنچىسىدە يولمۇ ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى.

## سۆگەل

ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالساڭ، ئاڭلىمايدىغىنىڭ يوق، كىملا بولمىسۇن، ئۆز ئورگانىزمىدىكى كىچىككىنە يارىلارنىمۇ ساقايتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن. مەسىلەن: سۆگەلنى ئالايلى، بۇ ئادەمنىڭ جېنىنى قاقشىتىپ، بىئارام قىلىدىغان ئاغرىقمۇ ئەمەس. لىكىن كۆرۈنۈشى سەت، ئادەمنىڭ سىنىنى بۇزىدۇ، يەنە بىرى دىققەتسىزلىكتىن بەرەر يەرگە قاتتىق سۈركىلىپ كەتسە ئاغرىيدۇ، بەزىدە قانىشىمۇ مۇمكىن. بىراق تا مۇشۇ كۈنگىچە «سۆگەلدىن پالانچى كىشى ياكى بالا ئۆلۈپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغىنىم يوق.

يېزىلاردا پۇتقا ياكى قولغا چىققان سۆگەلنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قېتىق سۈركەپ ئىتقا يالىتىش ئادىتى بار. بالا چاغلىرىمدا بۇ ئۇسۇلنى مەنمۇ ئىشلىتىپ كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغان. راست، بەزىلەرنىڭ قولىدىن ياكى پاقالچىقىدىكى سۆگەل ئىتقا يالاتقاندىن كېيىن ئۈۋۈلنىپ چۈشۈپ كېتىدىكەن.

بىز يۇقىرىدا ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا باغلىق بولىدۇ، دېگەنىدىم. شۇ پىكرىمىزنى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىماقچىمىز. «قېتىق سۈركەپ ئىتقا يالاتقاندا سۆگەلدىن قۇتۇلىمەن» دېگەن ئىشەنچە بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، سۆگەل پەقەت ئىتنىڭ يالىغىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاچ ئىتنىڭ تىلىدىكى شۆلگەي سۆگەلگە تەگكەندە قانداقتۇر بىر رېئاكسىيە پەيدا بولامدىكىن، دەپ ئويلايمەن. بۇنى لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈپ كۆرسە ئىلمىي ئاساسقا ئېرىشكىلى بولاتتى.

بەزىلەر يېڭى سويۇلغان ئۆچكىنىڭ ئاچچىق ئۈچەيىنى ھەر بىر سۆگەلگە تەگكۈزۈپ بىردىن چىگىدۇ. كېيىن ئۇ ئۈچەي ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئۈچەي قۇرۇغانسېرى سۆگەلمۇ ئۈۋۈلنىپ، ئادەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭدىنمۇ تېخى بىز

2004.4

بىلمەي يۈرگەن بىر سىر بار بولۇشى مۇمكىن. سۆگەلدىن قۇتۇلالماي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يەنە ياڭيۇنى ياپلاق كېسىپ، سۆگەلگە ئۇدا بىر نەچچە كۈن تەگكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ بار.

سۆگەلنى يوقىتىشتا پىيازدىن ئەۋزەل دورا بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. سەۋەبى، ماڭا سۆگەل يوقىتىشنى مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ 30 پىرسەنتى ئەنە شۇ پىياز بىلەن ساقايدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى كىچىكرەك بىر باش پىيازنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلىمىز، ئاندىن ئۇنى سۆگەلنىڭ ئۈستىگە سۈركەيمىز. ئىمكانىيەت بولسا پىيازنى كۈنىگە ئىككى قېتىم سۈركىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى.

بەزىدە بىر ئادەمگە پايدا قىلغان دورا ئىككىنچى بىر ئادەمگە پايدا قىلماي قالىدۇ. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن ئا- دەملەرنىڭ مىزاجى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا دورىمۇ ئوخشاش تەسىر قىلمايدۇ. مەسىلەن: غاڭزىگۈل قايناتما- سى بىلەن سۆگەلنى ئۇدا ئۈچ ـ تۆت كۈن يۇسا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭكىنى ئون كۈن يۇغان بىلەنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

سۆگەلنى ئاتنىڭ قىلى ياكى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن ئې- لىۋېتىشكە قارشىمەن. چۈنكى ئادەمنىڭ نازۇك ئورگانىز- مى بىلەن ئوينىشىشقا بولمايدۇ.

**تەپكە**

بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم، مومام مەرىيەمخان ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بىر قولى بىلەن كۆتەرگەن ھالدا ئاغزىدىن شۆلگىيى ئېقىپ، ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىنى بوسۇغىغا يات- قۇزۇپ، بويىنىنى دەسسەۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ كۆز- لىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېدى. بىراق، مومامنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرىدىن ھېچقانداق غەيرىي ئىپادە كۆ- رۈلمەيتتى.

يېشى 40 قا ئۇلىشىپ قالغان ئايال مومامغا كەينى ـ كەينىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۆرۈك قېقىغىمۇ قارىماي يىغ- لاۋاتقان بالىسىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. مۇنۇ بىر قىزىق خوتۇن ئىكەن، بالىسىنىڭ بويىنىنى ئۆگۈپ كەتكەن مە- سىسىنىڭ تاپىنى بىلەن دەسسىگەن مومايغا قايىنماي، ئۇستى ـ ئۇستىگە رەھمەت ياغدۇرۇپ چىقىپ كېتىشى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن مومامدىن:

— موما، بايىقى بالا سىز شۇنچىۋالا دەسسىگەندەك نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. مومام مىيىقىدا كۈ- لۈپ ماڭا قارىدى ۋە ئادىتى بويىچە مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بىچارە بالا تەپكە بولۇپ قاپتۇ — دېدى.

— تەپكە، دېگەن نېمە؟

— بايقىمىدىڭمۇ، بويىندىكى ئىششىقنى، بەزى بالى- لارنىڭ بويىنىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى ئەنە شۇنداق ئىششىپ كېتىدۇ، — دېدى مومام سۆزىنى داۋاملاشتۇ- رۇپ، — بەزى بالىلارنىڭ بويىنىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى تاكى قۇلىقىغىچە ئىششىپ كېتىدۇ. ئۇنى بايا ئۆزۈڭ كۆر- دۈڭ، مۇنداق كېسەلنى پەقەت مۇشۇنداق ئىرىم ئارقىلىقلا ساقايتقىلى بولىدۇ. بولمىغاندا كېسەل ئۇزىراپ كۆچىيىپ كېتىدۇ — دېدى.

يىللار ئۆتۈۋەردى، ئاۋۋال ئاتا، ئاندىن بوۋا بولدۇق. تەپكە ئاغرىقىغا ئۇچرىغان قوشنىلار بالىلىرىنىمۇ كۆردۇق. بۇ كېسەللىك مېدىتسىنا ئىلمىدا سۇنىكا ياكى يۇقۇملۇق پاراتىت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىككە دۇچار بولغان با- لىلار يەسلىدە بولسا يەسلىگە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسا مەكتەپكە ئەۋەتىلمەيدۇ. باشقا بالىلارغا يۇقۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇ كېسەللىك مېدىتسىنا ئىلمىدا قانداق ئاتىلى- شى، قانداق چەكلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدا تېز ۋە ئۈنۈملۈك ساقايتىلى- دۇ. ئۇنىڭ جاجىسى تېپىش.

يۇقىرىدا مەن رەھمەتلىك مومام مەرىيەمخاننىڭ تەپكە بولغان بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بالىنى قانداق داۋالىغانلىقىنى دەپ ئۆتتۈم. كېيىنكى يىللاردا بەزىلەرنىڭ قەتئىي ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خېلى قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ ساۋاب تاپقاندىم.

مۇھەررىرى: خۇرشەنئاي مەمتىمىن



# ئۇيغۇرلارنىڭ «كېلىن كۈن» رىۋايىتى

غالىپ غوجابدۇللا

رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى زاماندا تەگرىتېغىنىڭ كۆكيار دېگەن تاغ باغرىدا بىر ئوتۇنچى كىشى ياشايدىكەن، ئۇ يەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، هاۋاسى ساپ بولۇپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى تاغلار، تاغلارنى قېلىن ئورمانلار ئوراپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئۇچار قۇشلار هەددى ـ هېسابسىز ئىكەن. ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى قەبىلىدىن سەل يىراقراق بولۇپ، ئۇ يىلبويى ئوتۇن سېتىپ تۇرمۇشنى قامدايدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر ساهىبجامال ئايالى بار ئىكەن. بۇ ئايال ئۆي ئىشلىرىغا، كەشتە ئىشلىرىغا ۋە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ناهايىتى ماهىر ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئېرىدىن دائىم تاياق يەپ تۇرىدىكەن. چۈنكى بۇ ئايال باللىق دەۋرىدىن تاكى بويىغا يەتكىچە ئۈچ قەبىلە ئارىسىدا چوڭ بولغان بولۇپ، ئۈچ قەبىلىنىڭ تىلىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تىلىنى ئانىسىدىن باشقا هېچكىم چۈشەنمەيدىكەن. ئېرى هەر قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندە هەدېسە ئۇنى ئۇرۇپ دۇمبالايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئايال بۇ ئىشنى هېچكىمگە تىنمايدىكەن. چۈنكى ئۇ ئېرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ ئايال هەپتىدە بىر قېتىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە جۈمەلەپ بارىدىكەن. ئۇ هەر قېتىم ئۆيىگە بارغاندا يۈز ـ كۆزى زىدە بارىدىكەن. ئانىسى ئۇنىڭدىن:

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىسا، قىزى ئۇنىڭغا:

— هېچنېمە بولمىدىم، ئوتۇن تېگىپ كەتتى ... يىقىلىپ كەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

ئوتۇنچىنىڭ بىر ئاق قاشقا چىلان تورۇق ئېتى بولۇپ، ئۇ ئوتۇن كەسكىلى چىقسا، شۇ ئېتىنى مىنىپ بارىدىكەن. ئۇ بۇ ئېتىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئوتۇنچى ئوتۇن كەسكىلى كېتىپ، ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئايال ئېرىدىن ئەنسىرەپ ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يولغا قاراپ نانمۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي ئولتۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى كەچ ئېرى چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئات چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كېتىپتۇ. ئېرى ئاتتىن ئارانلا چۈشۈپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئايال مەززىلىك تاماقلار بىلەن ئېرىنى ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ. ئەمما ئاتقا بوغۇز، سۇ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئات ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ ئىش ئوتۇنچىغا قاتتىق هار كەپتۇ ـ دە، ئايالىنى ئاغزىغا كەلگەن تىل بىلەن تىللاپ، قولىغا چىققانلا نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن جېدەل تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ. ئەرنىڭ گېپىنى ئايال، ئايالىنىڭ گېپىنى ئەر ئۇقۇشالماپتۇ. بۇ ئىش قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ پۈتۈن قەبىلە ئارىسىغا پۇر كېتىپتۇ. بۇ ئىزا ـ ئاهانەت ۋە تاپا ـ تەنىلەرگە چىدىمىغان ئوتۇنچى ئايالىنى قويۇۋەتمەكچى بولۇپتۇ. ئايال هۆڭ ـ هۆڭ يىغلاپ ئېرىگە يالۋۇرۇپتۇ. ئەمما ئوتۇنچى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشنى هەل قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن ئايال ئامالسىز قەبىلە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ دەردىنى ئېيتىپتۇ.

قەبىلە باشلىقىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق، بەدەنلىرى دىۋىدەك يوغان، كۆزى كۆك، ئالقانلىرى ئېيىقنىڭ تاپىنىدەك بولۇپ، بەئەينى چۆچەكلەردىكى دۆگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. هېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىققا پېتىنالمايدىكەن. قەبىلە باشلىقى ئايالنىڭ يۈز ـ

كۆزلىرىدىكى كۆكلەرنى كۆرۈپ، سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپتۇ. ھەم بۇ ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئويلىنىپتۇ. ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر قارارغا كېلىپتۇ ـ دە، پۈتۈن قەبىلە ئەزالىرىنى يىغىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. قەبىلە ئەزالىرىنىڭ يىراق ـ يېقىندىن يىغىلىپ بولۇشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ قەبىلە باشلىقى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قەبىلە ئەزالىرى تاغ جىرالىرى ئارىسىغا لىق توشقاندا قەبىلە باشلىقى تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئۈنلۈك سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى چوققىدىن ـ چوققىغا، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا چىقىرىپ بارلىق تاغ جىرالىرىنى بىر ئاپتۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى قەبىلە ئەزالىرى چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئاڭلاپتۇ.

«ئەي خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، كەمىنە شۇنى جاكالايدۇكى، مېنىڭ قەبىلەمنىڭ ئەزاسى بولغان ھەرقانداق ئەر زاتى ئەگەر قەبىلەمنىڭ تىلىنى بىلمەيدىكەن خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت يوق، ئايال زاتى بولسا ئەرگە تېگىشكە رۇخسەت يوق، ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنىغا ئۈچ ئاي مۆھلەت بېرىمەن، ئەگەر ئۈچ ئاي ئىچىدە قەبىلىمىزنىڭ تىلىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىسە ئۆمۈرلۈك تۇل خوتۇن بولۇپ ئۆتسۇن! كىمكى پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلسا كاللىسى ئېلىنىدۇ!»، دەپ جاكارلاپتۇ. قەبىلە باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا قەبىلە ئەزالىرى ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ قىقاس ـ چوقانلىرى پۈتكۈل كۆكيار تاغلىرىنى لەرزىگە سېلىپتۇ.

ئوتتۇنچىنىڭ ئايالى ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئوتتۇنچىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئانىسىغا قايتا ـ قايتا سۆزلەپتۇ. ئانىسىمۇ قىزىنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپتۇ. ئۇلار بىردەم يىغلاشقاندىن كېيىن ئانىسى قىزىغا تەسەللى بېرىپتۇ.

—يىغلىما قىزىم، ھەممە گۇناھ مەندە، ساڭا تىلىمىزنى چالا ئۆگىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن سەن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ. سېنى تۇغۇپ مۇشۇنچىلىك قىلغان يەردە، تىلىڭنىمۇ ئوبدان چىقىرىمەن. سەن ئۈچ ئايغىچە كۈندە قېشىمغا كەل. سەن ھەرگىز تۇل قالمايسەن، — دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. ئوتتۇنچىنىڭ ئايالى ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدىن سەل تەسەللىي تېپىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل ئېرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ مېڭىپتۇ.

—قەبىلە باشلىقىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ساڭا بىر پۇرسەت بېرەي، ـ دەپتۇ ئوتتۇنچى ئايالىغا، — ئاپاڭنىڭ قېشىغا بارساڭ بار، ئەمما كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېلىسەن، كۈن پاتقاندا كەلسەڭ ئۆيگە كىرمە، مەن سەندەك خوتۇننى تونۇمايمەن، — دەپ قاتتىق جېكىلەپتۇ. ئايال ماقۇل بولۇپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەركۈنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تىل ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. يول يىراق كۈن قىسقا بولغاچقا، ۋاقتىدا ئۆيگە يېتىۋالالماسلىقتىن ئەنسىرەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرغاندا قۇياش ئولتۇرۇشقا ئاز قاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن بارالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇياشقا تىۋىنىپ كۆز يېشى قىلىپتۇ. «ئىھ! قۇياش، مەندەك بىر ئاجىز مەزلۇمغا مەدەت قىلغايسەن، مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئەرسىز ياشىشىمدىن ساقلىغايسەن، مېنىڭ ئۆز تىلىمنى چالا ئۆگىنىپ قويغان گۇناھىمدىن ئۆتكەيسەن، ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بەرگەيسەن، سەن سېخىي نۇرۇڭنى يەنە بىر ئاز ئۇزارتىپ بەرگەيسەن» دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ ئىلتىجاسى قۇياشنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. قۇياش ئولتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قىزغۇچ نۇرىنى چىقىرىپ پۈتكۈل كائىناتنى يەنە بىر ئاز يورۇتۇپتۇ. ئايالمۇ كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇياشنىڭ يېڭى ئولتۇرغان چاغدا قىزغۇچ نۇر چىقىرىپ ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرۇشىنى ئۇيغۇرلار «كېلىن كۈن» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئايال ئۈچ ئايدا ئۆز تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ بوپتۇ. ئايالنىڭ ھۆسنى ـ جامالىمۇ ئەسلىگە كېلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قەبىلە باشلىقى ئايالنىڭ ئوتتۇنچى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇلار ئۈچ باللىق بوپتۇ. ئوتتۇنچى باللىرىغا «كۈن»، «ئاي»، «يۇلتۇز» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئايال باللىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ تىلنى پۇختا سۆزلەشكە كۆندۈرۈپتۇ.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# بىلىمسىزلىك نەگە ئاپىرىدۇ

نۇرمۇھەممەد ياسىن ئۆركىشى

بەزىدە ئىچىمدىكى سىقىلىش تۇيەيلى بىر پارتلاپ باقسام دەيمەن. لېكىن نېمە ئۈچۈن پارتلايدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ۋۇجۇدۇمدىكى نامەلۇم بىر ئىچكى كۈچ مېنى توختاۋسىز سىقىپ تۇرغاچقىلا، مەن روھىمدىكى ئاشۇ كرىزىس مەركىزىدىن قېچىپ چىقىش ئىستىكىدىلا يانىمەن. ئاشۇ ئىچكى كۈچنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ مەن ۋاقىت دەرۋازىسى ئالدىدىن تالاي قېتىم قۇرۇق قول ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ نۇقتا ئۈستىدە ئويلىنىشقا بىر ئاز يول تاپقاندەك بولدۇم، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى مەھكەم قاماللاپ تۇرغان بىلىمسىزلىك ئىدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت، قەرزدارچىلىق قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي ئامىللار ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ قىممىتى ۋە ھاياتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋاقىتىم يەتمىگەنىدى. ھالبۇكى، ئەمدى يېشىم 30 غا يەتكەندىن كېيىن، ماڭغان ئىزلىرىمنىڭ ئاق قالغان بەتلىرى مېنى سۈكۈتلۈك سوراقلىرى بىلەن ناھايىتى گاڭگىرىتىپ ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاشۇ سوراقلارنىڭ ئازابلىق، ئەمما شەكىلسىز قوللىرىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن سىقىشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مەن ئاندىن ئۇزاقتىن بېرى ناھايىتى كۈچلۈك پارتلاش ئىستىكىدە بولغانلىقىمنى چوڭقۇر چۈشەندىم. بۇ پارتلاش روھىمدىكى نادانلىقنىڭ شەكىلسىز دېرىزىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، رېئاللىقنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىغا تەلپۈنۈش، بىلىمسىزلىكنىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىدىن قېچىپ چىقىپ، ساپ بولغان بىر ئىلمىي مۇھىتتىن نەپەس ئېلىش ئىستىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى.

پارتلاش — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا جىمجىتلىقتا چېلىنغان ماتەم سىگنالىدۇر. ياكى سۈكۈتنىڭ جىمجىت دولقۇنلىرىغا تاشلانغان بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئېنېرگىيىدۇر. مۇھىت ئامىلى، توغرىسى بىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ياشاش مۇھىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن بىز نۇرغۇن جەھەتلەردە ئارقىدا قېلىۋاتىمىز. ھەممىنى شارائىتقا ئارتىپ قويغانلارمۇ يوق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بۇ بىزنىڭ ئۆگەنمەسلىككە، بىلىمگە ئىنتىلمەسلىككە تاپقان باھانىمىز بولدى، خالاس. دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ئۆزگىرىشلىرى، ئۇچقاندەك تەرەققىيات يېڭىلىقلىرى بىزنىڭ ئاشۇ باھانىمىزنىڭ ئارقىسىدا توسۇلۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ خۇددى ئەتراپىغا تام ياساپ، شامال ئۆتمەس قورغان سالغانغا ئوخشاش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، تامنى ئۆرۈۋېتىش ئەڭ زۆرۈردەك قىلىدۇ. ئۇنى بارغانسېرى زورايتىش، چىڭىتىش بىزنى تېخىمۇ نادانلىقتا قويىدۇ خالاس.

بىزنىڭ نادانلىقىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بەزىلىرىمىز ئۆزىنى روھىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىدا بەزلەپ ئۆتمۈشىمىزگە سېغىنىپ قالىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقتا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايمىز، ئۆتمۈش بەرىبىر ئۆتمۈش. ئۇ ھەرگىزمۇ كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ھەرقاند-

داق بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە سېغىنىپلا ئۇنى قايتا ياراتمايدىكەن، ئۇنىڭ تەقدىرى پەقەت ئۆتمۈشكە تەلپۈنۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق تۇيغۇدا مەستخۇش بولغۇچى — ئەخمەقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بىز هازىر 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويدۇق، مۇشۇ دەۋرنىڭ ئېگى بىلەن ياششىمىز كېرەك. بىز ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ توختاۋسىز پارتلاشلىرى ئىچىدە ئۆزىمىزنى بايقىۋالالماي يەنىلا نادانلىق ئىسكەنجىلىرى ئىچىدە ئۆزىمىزنى بەزلەپ، بىخودلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلىساق ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئۆتمۈشكە تىۋىنىش ھەممە كىشىگە ئورتاق، ئۇ كىشىلەر پسىخىكىسىدىكى ئومۇمىي هادىسە. لېكىن ئۇ يۆلىنىۋالىدىغان هاسا ئەمەس. قانداق ئادەم ئۆتمۈشكە شۇنچە بەك يۆلىنىۋالىدىكەن، ئۇ بىر روھىي مېيىپ ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ شۇنچىلىك بىچارە ئورنۇغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا نە هېچ نەرسە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېپى ئۆزىدىن تىرىك تاپقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بارا ـ بارا باشقا تاشقى ئامىللار سەۋەبىدىن ھەتتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆتمۈشنى بىر مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنى قايتىدىن يارىتىش ئۈستىكىدە يانالىسا، شۇ كىشى دۇنيادا ياخشى ياشىيالايدۇ. ئۆز ئۆتمۈشنى بىر قىلىچقا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز تەقدىرىنىڭ يول ئاچقۇچى قىلالايدۇ. ئۆز ئۆتمۈشىگە مەپتۇن بولۇش شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئويدۇرۇپ چىققان ساختا رېئاللىقىدۇر. بۇ كىشىنى ۋەيران قىلىدۇ، خالاس. بىر ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت. بىر مىللەتنىڭ بىلىملىك بولۇشى شۇ مىللەتكە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ روناق تېپىشىمۇ بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دۇنيادا ئۆزىنىڭ بىلىملىكى تۈپەيلى خارلانغان ئادەم يوق. شۇنداقلا دۇنيادا بىلىمسىزلەر روناق تاپقانمۇ ئەمەس، بىلىمسىزلىك ۋەيرانچىلىققا باشلايدۇ، مۇشەققەتكە يولداش قىلىدۇ. موھتاجلىققا، بىچارىلىككە جورا قىلىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ چۇقانى شۇ كىشىنىڭ روھىدىكى ئىچكى ئاۋازى، شۇ كىشىنىڭ رېئاللىققا بولغان ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن. ھەممە ئادەم ئۆزى ھېس قىلغان پەيتتە ئۆز روھىدىكى پارتلاش پىلىكىگە ئوت يېقىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا تەپەككۇرىمىز بىلەن ئەمەس، كۆزىمىز بىلەن قارىغاندا تەرەققىيات مەڭگۈلۈك ئۆتمۈش بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەقلى كامالەتكە يۈزلىنىش، بىلىمگە يۈزلىنىش، روناق تېپىشتىكى ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە دۆلەت بىزگە نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مائارىپىمىزغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بەزىبىرلەرنىڭ ئەقلىي سەزگۈسى ئويغىنىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە بالىلىرىنى مەكتەپتىن قانداق ئاجرىتىۋېلىشنى خىيال قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.

زاماننىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى، كىشىلەر تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بۇ شاۋقۇندىن مەڭدەپ قالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ زامانغا بولغان كۆز قارىشىنى يېڭىلاشنى تەلەپ قىلدى، بۇرۇنقى بىر ئامىللارنى قىلىپ كونا ئۆتكۈزۈش پسىخىكىسىنى ئەمدى زامانغا يېتىشىپ مېڭىشقا ئۆزگەرتتى. تاللاش ئىمكانىيىتى تارىيىپ كىشىلەرنىڭ خىرامانلىقى ياشاش رىقابىتىگە ئايلاندى. كىشىلەر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ئاساستا بازار ئىگىلىكى قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. پۇل، ھوقۇق، سودا، مەدەنىيەت، راھەت ـ پاراغەت يەنە قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ قوغلىشىدىغان ئوبيېكتى كۆپىيىپ كەتتى. كىشىلەر ئەمەلىي ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنى قوغلىشىپ، بىلىم ئېلىشنى نەزەرىدىن ساقىت قىلىۋەتتى. زامانىۋى تەرەققىيات بىزگىمۇ ئاز ـ تولا يۈسۈندا بىلىمگە نىسبەتەن ئىنتىلىش خاھىشى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېتەرلىك تىرىشچانلىق بولمايۋاتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. شەھەرلەردىكى تەرەققىيات بىلەن يېزىلاردىكى بېكىنمىچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق خېلى بولغاچقا، تەرەققىي قىلىش ۋە بىلىم ئېلىش ئىستىكى، قىزغىنلىقى دېگەندەك ئەمەس.

ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتتا ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە بىلىم ئېلىش پۇرسىتى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ياشاشنىڭ ھەر بىر پۇرسىتى بىر خىل بىلىم. شۇڭا بىلىم

مەكتەپلەرگىلا مەركەزلەشكەن بولماستىن، بەلكى ئۇ بىزنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش، ئۇنى بايقاش روھىمىزغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ھەر بىر ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بىلىم ئېلىش خاھىشىنى ئىپادىلەپ باقسا بولىدۇ.

ھاياتنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا ھەممىمىز لەيلەپ كېتىۋاتىمىز. ھەممىمىزنىڭ غەرق بولۇش ياكى ياشاش ئۈچۈن تىركىشىش ئەركىنلىكىمىز بار. بىزگە ھەر ۋاقىت زۆرۈر نەرسە بىلىمنىڭ قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىدۇر. ئۇ بەلكىم پۇتىمىزنىڭ ئاستىدىلا بولۇشى مۇمكىن. چىداپ تۇرۇپ سۇغا چوڭقۇر چۆكسەك بەلكىم بىزگە ئۇ يەردىكى بىر يورۇق دۇنيانى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن. بىلىم ئېلىش خۇددى سۇغا چۆككەن چاغدىكىدەك ئاشۇنداق ئازابلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشىش بىزنى ناھايىتى ئارام بەخش، ساپ ھاۋاغا ئىنتىلدۈرگەندەك ئىنتىلدۈرۈش زۆرۈر. روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقتا چۆككەن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ خىل ساپ ھاۋاغا ئېرىشىش ئەڭ ياخشى پارتلاش بولۇشى مۇمكىن.

بىزدە نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋادىن باشقا ئۆزىمىزگە خاس بولغان نەرسە بەك ئاز، ساناقلىقلا. ھەممە نەرسە باشقىلارنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ماشىنا ۋە يەنە مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن يېمەكلىك، ئىشقىلىپ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئەقلىنىڭ مەھسۇلى. سىنچىلاپ قارىساق ئۆزىمىز ياسىغان نەرسىلەر يوق دېيەرلىك. مانا بۇ ئەقلىنىڭ دۇنياۋىلىشىشى، ئەقلىنىڭ تاجاۋۇزى، مانا بۇ ئەقلىنىڭ مايىل قىلىشى، بولمىسا ياپونىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تولغىما ئۇسسۇل، جاز مۇزىكىلىرى، ئىدىيىۋى ئېقىملىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بېسىپ كىرەلمەيتتى. بۇنى بىزگە ھېچكىم تاڭمىغان، ئۆزىمىز خالاپ سېتىۋالغان، ئۆزىمىز خالاپ قوبۇل قىلغان. بۇ ئەقلىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئۇنداق بولمىسا بىز شۇنداق ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز تۇرۇپ ياشلىرىمىز چۈشكۈنلىشىپ كەتتى، دېمەيتتۇق، شۇنداق ئېسىل ئەخلاق چۈشەنچىلىرىمىز تۇرۇپ، جاھان ئۆزگىرىپ كەتتى، دەپ ۋايسىمايتتۇق. ئەگەر بىلىمسىزلىك مۇشۇنداق ھالەتتە ۋۇجۇدىمىزدا يەنە 50 يىل يىلتىز تارتىدىغان بولسا، بىز يۈكسەك ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قايرىلىپ قالىمىز.

بەزىلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى تولىمۇ يۈزەكى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ھايات مەنە بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋاقىت ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. پەقەت كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتسىلا ھاياتتىكى بىر كۈن ئۆتكەنگە ھېساب. بەزىلەر ئاشۇنداق كۈتۈش ئىچىدە ۋاقىتنى توشقۇزۇپ، بۇ دۇنيادىن كېتىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە دۇنيا ئىنتايىن رەڭدار، ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن مەنىلىرى، لەززەتلىرى يوشۇرۇنغان، كۈننى ساناپ يىل توشقۇزۇش ھاياتقا نىسبەتەن كەچۈرگۈسىز جىنايەت.

بەزىلەرنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ خارابىسىدە تۇرۇپ ئىنتېرنېت دەۋرىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا سوغۇق مۇئامىلىدە نەزەر سېلىۋاتىدۇ، دېسە ئارتۇق كەتمەس. رېستوران، دېسكوخانا، ئالىي چاچ ياساش ئورنى، مۇنچىلارغا كىرىۋېلىپ بۇزۇلغان ئېتىقادىنىڭ پاراغىتىگە غەرق بولۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، ئۇنداقلار بۇنى مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ئىپادىسى، دەپ تونۇيدۇ. تاپقان پۇللىرىنى ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىلىم ئىگىلىشىگە ئىشلەتمەي بەلكى قىزلىرىنى نابۇت قىلىش، ئوغۇللىرىنى چىرىتىش، ھاراق سورۇنلىرىدا ئۆز ھاياتىنى نابۇت قىلىشقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ. قىسقىسى بۇ ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان پاجىئە بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇ خىل نادانلىقتا ھەر بىر ۋىجدان، ئەقىل ئىگىلىرى ئېچىنماي تۇرالمايدۇ.

بىزگە بىلىم ئېلىش ھاياتىمىزمۇ مۇھىم. ئادەمنىڭ باي ـ نامراتلىقى پۇل بىلەن ئۆلچىنىشى ناتايىن. بەلكى ئەقلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەقىلگە ئېتىبار بېرىدىغان كىشى نامرات بولسىمۇ تېزلا باش كۆتۈرەلەيدۇ. ئەكسىچە پۇلغا چوقۇنىدىغان ئادەم ئاسانلا قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانى دۇنيا بويىچە ئەڭ باي دۆلەت. ئۇلارنىڭ

بايلىق مەنبەسى نېفت ۋە ھەج پائالىيىتىدىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى نېفتلىكنى ئامېرىكا پايدىنى تەڭگە - تەڭ نىسبەتتە ئېلىش ھېسابىدا ئېچىپ بەرگەندى. لېكىن ئۇلارنى دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ چاقىنى چۆرگىلىتىۋاتقانلار كۈچلۈك ئامېرىكىلىقلار ياكى باي ئەرەبلەر ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق يەھۇدىيلاردۇر. نەچچە مىڭ يىللىق ئېزىلىشلەرگە ئۇچرىغان بىر مىللەت ئىنسانىيەت ئەقىل ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويۇش بىلەن تەڭلا دۇنيانى تەۋرىتىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىلىمنىڭ كۈچى.

بۇرۇنقى تاجاۋۇزلار قورال ئىشلىتىش ئارقىلىق بولسا، ھازىرقى تاجاۋۇز مەدەنىيەت - بىلىم ئارقىلىق بولۇۋاتىدۇ. ھېچكىم بىلىمنىڭ بۇ يۈزلىنىشىنى توسۇيالمايدۇ. دۇنيادا سانى ئاز مىللەتلەر سانى كۆپ مىللەتلەرنى ئەقىل ئارقىلىق ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. كونترول قىلىۋاتىدۇ. سان — ھازىر مىللەت ئۇقۇمىنىلا بىلدۈرسە، بىلىم — مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىرق، مىللەت، ياشاش تېررىتورىيىسىنىڭ ھەر خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىلىم، ئەقىل ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىز چۈشىمىز، خىيالىمىزدا ئويلىغان نەرسىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن رېئاللىققا ئايلىنىدىغان بولدى. شۇنداقلا ئۇ ئۆزئارا مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇش ھادىسىلىرىنىمۇ تاشلاپ بەردى. بۇ ھال كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. بولۇپمۇ بۇ ھال مىللەتلەرنىڭ بىلىم پەرقى جەھەتتە نahaيىتى روشەن ئەكس ئەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداقتۇر مەنپەئەت مەسىلىسىدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇش ياكى يوقىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ يەتتى. ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قانداقتۇر قورال كۈچىنىڭ تەھدىتىگە ئەمەس، بەلكى ئەقىل كۈچىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بارا - بارا چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. شۇڭا ئۆز - ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا بىلىم ئىنقىلابى قوزغالدى. بىراق بىزدە بولسا نامراتلار قورساق غېمىدە، پۇل تاپقانلار ئىشرەت غېمىدە ھەلەك بولىدىغان ئەھۋال بار. ماھىيەتتە ھەر ئىككىلىسى ئاخىرىدا بىلىمسىزلىكنىڭ قۇربانلىقى بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ھازىرقى دۇنيا بۇرۇنقى دۇنياغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ يېقىنقى تەپەككۇرىمىزغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق. بىراق ئىنسان بىلىش سەزگۈسىگە ئىگە، ئۇ ئاشۇ سەزگۈگە تايىنىپلا دۇنيانى ئىنتېرنېت دەۋرىگە باشلاپ كىردى. يەنە شۇنداقلا ئىنسانلار ئۆز سەزگۈسىنىڭ مەھبۇسى. شۇڭا نۇرغۇن مىللەتلەر تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ياشاش مۇھىتىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى، بۇ نۇقتىدىن ئۆزىمىزگە باھا بېرىپ باقساق بولىدۇ. ئەقىلنىڭ كۈچىگە گەپ كەتمەيدۇ. بۇنى غەربنىڭ تەرەققىياتى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىزدىمۇ ئەقىل يوق ئەمەس، بار. بىراق ئەقىلگە ئىنتىلىدىغان روھ كەم، ئەقىلدىن تاشقىرى بولغان ماددىي نەرسىلەرمۇ ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇپ كەتتى. مەسىلەن: پادىچىلار ئىشتىنى، كىندىجى، مارلبورو، پىسا قاتلىمىسى، ھامبۇرگ بولكىسى، جاز مۇزىكىسى، تولغىما ئۇسسۇل قاتارلىقلار. ئۇلار ئەقىل سۈپىتىدە ئەمەس، مەدەنىيەت ياكى يېمەكلىك سۈپىتىدە تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىردى. بىزگە كىرگىنى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت، بىلىمنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماددىي شەكلى. بىز بىلىمنى سەزگۈمىز بىلەن ھېس قىلىپ تەپەككۇرىمىز بىلەن قوبۇل قىلغان بولساق، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرالايتتۇق. بىلىم ھەرگىزمۇ بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكىدەك قېتىپ قالغان ئالۋ ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتچان نەرسە. ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلى ھامان بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ھەر خىل سىياقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، بىلىم ھەممىمىزنىڭ روھىدىكى بىر گۆھەر! ئۇنى نۇر چاچقۇزۇش ياكى ۋەيران قىلىش ئۆزىمىزگە باغلىق.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



فۇرقەت تەلئەت

# چەتكە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا قىسقىچە كۆرسەتمە

بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم - پەن دۇنياسى. مائارىپنىڭ خەلقئارالىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە خەلقئارا ئىلىم دۇنياسى بېرىش - كېلىشىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتى، دۇنيا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رايونلارئارا يۆتكىلىپ، ئۆز يەرلىرىدە كەمچىل بولغان ئىلىم - پەن، تېخنىكا بايلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان تېخنىكا، يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشىگە، بۇ ئارقىلىق ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنيا ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئۆز ساھەسىدە تېگىشلىك نەتىجىلەرنى قوشۇشىغا قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرمەكتە.

رايونىمىزدىن چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا، ئىلىم ئالماشتۇرۇش، زىيارەتلەرگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، ئۇلار رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشماقتا. ھازىر چەت ئەللەرگە چىقىۋاتقان ئەمەلىي مىساللارغا قارىساق، يەنىلا ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. چەت ئەل ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقانلار ئۆز ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى قانداق ھەل قىلىدۇ.

ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نۇرغۇن ئائىلىلەر بالىلىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپلا چەتتە ئوقۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ ھەم تىرىشماقتا. ئۇلار ئالاقىلەشكەن مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەييارلىق مەكتەپلىرى بولۇپ، مەلۇم قىسقا مۇددەتلىك ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرى ئارقىلىق تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرى نىشان قىلغان خالىغان ئوتتۇرا، كەسپىي ئوتتۇرا ياكى باشقا خىلدىكى تېخنىكا مەكتەپلىرىگە رەسمىي قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ بالىلار ئىنگلىز تىلىدا مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولۇپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئىنگلىز تىلىدا قويۇلىدىغان چەكمۇ چوڭلارنىڭكىدەك ئۇنداق يۇقىرى بولمىغاچقا، چىقىش

رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش نىسبەتەن ئاسانغا چۈشىدۇ.

ئۆز مەكتىپىدە ئىزچىل ئەلا ئوقۇغان، ئىنگلىز تىلىنى قوشۇمچە ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن يوشۇرۇن تالانت ئىگىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى كۈتۈپ تۇرماي، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى بىۋاستە چەتكە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىرىشىشى كېرەك. ئۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەلا نەتىجىلىرى، مەكتەپ ياكى ئۇنىڭدىن سىرت دائىرە ئىچىدە ئالغان ھەر خىل مۇكاپاتلىرى، دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلار ياكى مۇدىرلارنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى ئاساس بولالايدۇ. بۇ نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھەتتا قوبۇل قىلغۇچى مەكتەپنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن. شۇڭا بارلىق ئاتا-ئانىلار، پۈتكۈل جەمئىيەت بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى، بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىنگلىز تىلى ياكى باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ پايدىسى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چىقىم ئالىي مەكتەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، كۆپىنچە ئائىلىلەر كۆتۈرەلەيدۇ. بالىلارمۇ ئۇ يەرلەردە دەرستىن سىرتقى چاغلاردا، مەكتەپ يول قويغان دائىرىدە ئۆزىنىڭ مەلۇم خىراجەت پۇللىرىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بالىلار چەت ئەل تىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتنى چۈشىنىش، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرەلەيدۇ. ئۇچرىغان ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى تەدرىجىي ئۆسۈپ، كېيىنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى ۋە تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

ھازىر يەنىلا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە ياكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتكە چىقىش رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ، ئۇلارغا بولغان تەلەپمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. چۈنكى ئۇلار چىقماقچى بولغان دۆلەت ياكى ئوقۇماقچى بولغان كەسىپ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ، رىقابەتمۇ بىر ئاز كەسكىن. شۇڭا ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ياخشى ئويلىشىشى، ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانلىرىدىن ئالغان نومۇرىنى ۋە مەكتەپنىڭ شەرتلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشى، ئاندىن شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چىقماقچى بولغان دۆلەتنى تاللىشى كېرەك.

ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى قارشى تەرەپكە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەسىر قىلدۇرالىغاندا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. بۇ يول بىر قەدەر ئۇزۇن ھەم جاپالىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆتكەن مەقسەتكە يەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن. گەپ يەنىلا ئىرادىنى يوقاتماي، داۋاملىق تىرىشىشتا. پەقەت ئوقۇش يولىدا ھېچنېمىدىن قايتماس روھلا بولىدىكەن، سىز يەنىلا ئاخىرقى غەلىبە قىلغۇچى.

مەسىلەن: مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى دۇنياۋى دائىرىدە ETS( Educational Testing Servive) (ئى تى ئېس)، يەنى ئامېرىكا «مائارىپ سىناق مەركىزى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىنگلىز تىلى ئانا تىلى بولمىغانلاردىن ئېلىنىدىغان. ) ( TOEFL ) The Test Of English as a Foreign Langua (توۋفل)، يەنى «ئىنگلىز تىلى چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە ئېلىنغان ئىمتىھان»دىن بوشاشماي يەتتە قېتىم ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق، ئاخىر ئۆز نومۇرىنى دەسلەپكى 450 تىن، كېيىنكى يۇقىرى نومۇر 650 كە يەتكۈزگەن. ئۇ يەنە ئۇلاپلا ETS تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان GRE( Graduate Record Examination (جى ئار ئى)، يەنى «ئاسپىرانتلىق سەۋىيە ئىمتىھانى»دىنمۇ ئىككى قېتىم ئىمتىھان بېرىپ، يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ يەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھەر بىر ئىمتىھاننىڭ تەلەپ، مەقسەت ۋە ئۆلچىمىگە ئاساسەن، بەزى ئىمتىھانلارنى قايتا-قايتا نەچچە قېتىم بېرىشكە بولىدۇ. لېكىن بەزىلىرى كۆپ قېتىم بېرىلسە پايدىسىز. مەسىلەن: TOEFL نى نەچچە قېتىم بەرسە بولۇۋېرىدۇ. پەقەت ئەڭ ياخشى چىققان نەتىجىنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ بەرسىلا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى قېتىم ئېرىشكەن تۆۋەن نومۇرلار بىلەن ئالاقىسى يوق. بىراق GRE ئۇخشىمايدىغان بولۇپ، مائارىپ سىناق مەركىزى ئۇنى ئالدىنقى چىققان نەتىجىلەر بىلەن قوشۇپ، ئىلتىماس قىلغان مەكتەپكە يوللاپ بېرىدۇ. ئەگەر ھەر بىر قېتىمقى ئېرىشكەن نەتىجە ئارىسىدا بىر قەدەر پەرقلىنەرلىك بولغان ئىلگىرىلەش ئالا-



متىنى كۆرستىدىغان روشەن بەلگە كۆرۈنمىسە، ئۇ چاغدا مەكتەپ تەرەپ سىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىڭىزدىن گۇمانلىنىشى، بۇنىڭ بىلەن باشقا جەھەتلەردە تەلەپكە ئۇيغۇن بولسىڭىزمۇ، لېكىن قوبۇل قىلىنىش پۇرسىتىدىن يەنىلا مەھرۇم قىلىنىشىڭىز مۇمكىن.

TOEFL دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق دۆلەتلەردىكى ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇتىدىغان ئالىي مەكتەپلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىنگلىز تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى بولۇپ، تولۇق نومۇر 677. ئادەتتە 550 تىن يۇقىرى بولسا تەلەپكە يەتكەن ھەم ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىشتە بىر شەرت ھازىرلانغان دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تەسلىك دەرىجىسى ئانچە چوڭ ئەمەس، دۆلەتلىك 6 ـ دەرىجە ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولسىلا، ئۇلاپ ئازراق ۋاقىت كۈچەيتمە تەقلىدىي سوئاللارنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئۆز سەۋىيىسىنى سىناپ بېقىپ، ئاندىن قاتناشسا بولىدۇ. ئاڭلاپ چۈشىنىش—بۇ ئىمتىھاندىكى بىر ئاز تەس نۇقتا بولۇپ، بىر قەدەر كۆپرەك مەشىق تەلەپ قىلىدۇ. گىرامماتىكا قىسمى ھەممىدىن ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئازراق بىخەستىلىك قىلىنسىلا كەتكۈزۈپ قويۇش خەۋپى بار. ئوقۇپ چۈشىنىش قىسمىنى كۆپ ئوقۇپ، كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىشلەپ بولۇش دەرىجىسىگە تامامەن يەتكىلى بولىدۇ. تىرىشىپ ياخشىراق مەشىق قىلسىلا، 600دىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشتا مەسىلە چوڭ ئەمەس. تەييارلىق قىلغاندا كۆپ سوئال ئىشلەش، كۆپ ئوقۇش، كۆپ ئاڭلاش كېرەك. بۇ شۇنداقلا پۈتكۈل تىل ئۆگىنىش جەريانى ئۈچۈنمۇ رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان بىر مۇھىم نۇقتا.

ئەگەر TOEFL نەتىجىڭىز بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، لېكىن GRE نەتىجىڭىز بولمىسا ھەمدە كىرمەكچى بولغان نىشانىڭىز ئالىي مەكتەپ باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئېلىش، يەنى تولۇق كۇرسقا كىرىپ ئوقۇش بولسا، ھەم ئۆزىڭىز دۆلەت ئىچىدە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا بۇ تېخى تولۇق كۇرستا ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلغانغا قارىغاندا سەل تەسكە چۈشۈشى مۇمكىن. قارشى تەرەپمۇ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئادەتتە تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش پروگراممىسى دەرىجىسىدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تەسىس قىلىپ بەرمەيدۇ. مەكتەپ تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئەلچىخانا تەرىپىدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىنىشىڭىز مۇمكىن. كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەنگلىيە ۋە ئاۋستىرالىيە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان (International English Language Testing System) IELTS (ئايلتس)، يەنى «خەلقئارا ئىنگلىز تىلى سىناق سىستېمىسى» ئىمتىھان نەتىجىسى ئارقىلىق ئىلتىماس قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىمتىھان گەرچە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە TOEFL دىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئىمتىھان سالمىقى ماھىيەتتە TOEFL بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئادەتتە TOEFL نىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ دۆلەتلەرگە باشقا جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرىڭىزدىن تولۇق پايدىلانغان ئاساستا، تولۇق بولغان ماتېرىياللىرىڭىز ئارقىلىق بىۋاسىتە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا ئىلتىماس سۇنسىڭىز، مەلۇم مىقداردا قىسمەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلىشىڭىزدىن ئۈمىد بار. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، يەنە مەكتەپ تەرەپنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسىڭىز، ئۆز خىراجىتىڭىزنى قامدىيالىشىڭىز مۇمكىن. ئامېرىكا ۋە كانادالارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان

باشقا كېرەكلىك ماتېرىياللاردىن سىرت يەنە ياخشىراق بولغان GRE نەتىجىسى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ دۆلەتلەردە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى، يەنى ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق، دوكتور ئاشتىلىق ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئادەتتە بۇ ئىككى نەتىجە بىردەك تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر تولۇق كۇرستا ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز، يالغۇز TOEFL نەتىجە بولسىلا كۇپايە قىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، يەنە تولۇق كۇرستا ئوقۇشنى ئويلىغانلارغا نىسبەتەن بۇ خىل ئۇرۇنۇش بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولۇپ ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. ئامېرىكا، كانادا مەكتەپلىرىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى نىسبەتەن بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئىنگلىز تىلىغا بولغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى بولغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە باشقا ماتېرىياللارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرمۇ يۇقىرىراق. قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، يەنە تەستىقلاش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئەلچىخانا ئۆتكىلى بار. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلمىسە، گەرچە دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا ئىقتىساد كاپالەتچىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلچىخانا ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش تەسكە توختىشى مۇمكىن. ئىنگلىز تىلى ئاساسى ئاجىزراق بولغان ياشلار ئالدى بىلەن چىقىماق نىسبەتەن ئاسرانىراق بولغان باشقا دۆلەتلەردە مەلۇم مەزگىل ئۆگىنىپ، كېيىن داۋاملىق ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى ئۈچۈن ئامېرىكا، كانادا ۋە ياكى باشقا دۆلەت مەكتەپلىرىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ نۇرغۇن پۇل تېجەپ قالغىلى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئەڭ مۇھىمى نەتىجىسى چىقمىغان ئۇزاق مەزگىللىك ئىلتىماس قىلىشقا كەتكەن ۋاقىتنى تېجەپ قېلىپ، شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر دۆلەتتە ئۆزى قىزىققان كەسىپ بويىچە مەلۇم ئۇنۋانىنى ئېلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە ئۆز ھەۋەس ـ قىزىقىشى بويىچە، ئىنگلىز تىلىدىن باشقا شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغىلى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كېيىنكى ئىلتىماس قىلىشلاردا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان شارائىتقا ئىگە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار.

ئىنگلىز تىلى دۆلەتلىرىدىكى ۋە ياكى باشقا دۆلەتلەردىكى ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپلەر ئادەتتە تولۇق كۇرسنى ئۆزئارا بىردەك ئېتىراپ قىلىشىدۇ. بىراق ئوقۇتۇش مېتودى ۋە ئوقۇتۇش پروگرامما مەزمۇنلىرىدا نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇت بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقانداق تۈردىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، ئەگەر بىز ئاسپىرانتلىق ئوقۇشنى دۆلىتىمىزدە ئوقۇپ بولساقمۇ، يەنە قايتا ئوقۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىشتا، TOEFL ۋە GRE (ئامېرىكا ۋە كانادا ئۈچۈن) ئىمتىھانلىرىدا كۆڭۈلدىكىدەك بولغان بىر قەدەر يۇقىرى نەتىجىلەردىن باشقا كېرەكلىك ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە بولۇپ، ئەۋەتكەندە كۆپىنچە مەكتەپلەر پەقەت بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىي كوپىيە نۇسخىسىنى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىنغان يەنە بىر نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ، بۇرۇن ئوقۇغان مەكتەپ تامغىسى ياكى باشقا گۇۋاھلىق بېرىش تارماقلىرىنىڭ گۇۋاھلىق تامغىلىرىنى بېسىشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاندىن ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ھەر بىر مەكتەپ يەنە ئۆز ئالدىغا مەلۇم جەھەتلەردە ئالاھىدە تەلەپ، شەرتلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ مەكتەپ ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن مەكتەپ قوللانمىسىدا ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ئادەتتە مەكتەپنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ۋە فاكۇلتېتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوبۇل قىلىش شەرتلىرى، دەپ ئايرىلغان بولىدۇ. فاكۇلتېتلار ئارا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى يەنە ئوقۇماقچى بولغان كەسىپنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بىر ـ بىرى بىلەن پەرقلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بەزى سەنئەت تۈردىكى كەسپلەرنىڭ ماگىستىرلىق پروگراممىلىرى GRE نەتىجىسىنى تەلەپ قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەكسىچە بەزى كەسپلەر يەنە بەزىبىر دەرسلىك نەتىجىلىرىنى قوشۇمچە قاتتىق شەرت قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: كۆپىنچە داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىساد پېنىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرىش ئۈچۈن، ماكرو ئىقتىساد، مىكرو ئىقتىساد، ئالىي ماتېماتىكا ۋە ستاتىستىكا پەنلىرىدىكى نەتىجىلەر بىردەك تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر باشقا شەرتلىرىڭىز تولۇق بولۇپ، بۇ شەرتلەر ئورۇندالمىسا، ئىلتىماسىڭىز يەنىلا تولۇق ئەمەس، دەپ قارىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر سىزگە تولۇق كۇرستا بۇ دەرسلىكلەر ئۆتۈلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ دەرسلىكلەرنى ئۆز يېرىڭىزدە ئايرىم ـ ئايرىم تاماملاپ، ئوقۇش نەتىجىڭىزنى ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى مەكتەپلەر ئو-

قۇش مۇكاپات پۇلىنى بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئادەتتە بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېتەرلىك، بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ئادەتتىكى، كىچىكرەك ئالىي مەكتەپلەرنىڭكىدىن مۇتلەق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا ئېرىشىشتە ئۇچرايدىغان رىقابەتمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا ئىلتىماس قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان مەكتەپنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەكتەپ قوللانمىسىنى ئەتراپلىق كۆرۈپ چىقىشى، يەنە ئۆزىنىڭ كىرمەكچى بولغان فاكۇلتېت، كەسپىنىڭ قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى چوقۇم ئېنىق ئۇقۇشى، ئەگەر ئېنىق بولمىغان يەرلەر بولسا، مەكتەپ تەرەپ ياكى فاكۇلتېت بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، كېيىنكى ئۇقۇشماسلىق، ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

تۆۋەندىكىلەر بولسا ئادەتتە كۆپىنچە مەكتەپلەر تەلەپ قىلىدىغان ئاساسلىق مۇھىم ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسى (Transcript from High Schiil)·

ئادەتتە پەقەت مەكتەپ تامغىسى ئۇرۇلىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىپادىڭىز توغرۇلۇق قارشى تەرەپكە مەلۇم ئۇچۇر بېرەلەيدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسى (Transcript from University)·

ئوخشاشلا ئادەتتە پەقەت مەكتەپ تامغىسى ئۇرۇلسا بولىدۇ. بۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ھەر بىر مەۋسۇملۇك پەن ھەم نەتىجىلەر ئالاھىدە قارىلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ GPA نومۇر تۈزۈمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدىغان مەلۇم نومۇر چېكى بار بولۇپ، ئەگەر بۇ ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەرتىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىلىپ، ئىلتىماس قارىلىپ چىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. كۆپىنچە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قوبۇل قىلىش GPA ئەڭ تۆۋەن نومۇر سىزىقى ئادەتتە بىزدىكى پىرسەنت نومۇر تۈزۈمى بويىچە تەخمىنەن 80 ـ 70 لەرگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىقلاردىكى نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، كېيىنكى يىللاردىكى نەتىجىسى روشەن يۇقىرى بولسا، بۇ، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇشىدا تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىشىدا يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ قايىل قىلىش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

ئىككىدىن، ئۈچ پارچىغىچە تونۇشتۇرۇش خېتى (Recommendation Letters)·

گەرچە خەت يازغۇچى ئادەمنىڭ سالاھىيىتى چەكلەنمىسىمۇ، لېكىن بۇ خەتنى يېزىپ بېرىشكە ئەڭ ياخشىسى ئالىي مەكتەپتىن ئۈچ شەخسنى تاللاش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، يازغان خېتىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ ھەم قارشى تەرەپتە شۇ ئوقۇغۇچىغا قارىتا ھەقىقىي بىر چۈشەنچىنى ھاسىل قىلىشتا ياردىمى ئىنتايىن زور. فاكۇلتېت مۇدىرى، ئاساسلىق پەندىن دەرس بەرگۈچى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيە يېتەكچىلىرى بۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولالايدۇ.

باشقا ئېرىشكەن چوڭ ـ كىچىك مۇكاپاتلار، ئېلان قىلغان ماقالىلەرنىڭ كوپىيە نۇسخىلىرى.

بۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىكى ئاكتىپلىق دەرىجىسى، رەھبەرلىك قابىلىيىتى، ئىجادچانلىقى ۋە باشقا كۆپ خىل ئىقتىدارلىرىنى ئەتراپلىق نامايان قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرگە ھەرگىز سەل قارىماستىن، ئىمكانقەدەر كۆپرەك تونۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىدىن ئابستراكت (Abstract of Graduation Dissertation)

ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلى (Application Form)

بۇ قارشى تەرەپ ئەۋەتكەن مەكتەپ قوللانمىسىدا تەمىنلەنگەن جەدۋەل بولۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن توغرا تولدۇرۇش كېرەك. ئەگەر خاتا تولدۇرۇلۇپ ئەۋەتىلىپ قالسا ياكى تولدۇرغان مەزمۇنلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، مەكتەپ تەرەپنى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

ئىقتىسادىي بايانات (Financial Statement)

بۇ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى خىراجىتىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ۋىزىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنبە كاتەكچىسى مۇشۇ جەدۋەلدە توشقۇزۇلغان مەلۇماتقا ئاساسەن تولدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلمەي قالسا، ئۇ

چاغدا مۇشۇنىڭدىكى پۇل سانى ئەلچىخانىنىڭ ۋىزىنى تەستىقلاش ـ تەستىقلىماسلىقىدىكى ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مەيلى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىنلەشتە بولسۇن بۇ ئاساس قىلىنمايدۇ.

ئىلتىماس بايانى ( Application Essay ) ·

بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا يازغان بايانى بولۇپ، ئادەتتە ئوقۇش مۇددىتاسى، مۇشۇ كەسىپنى تاللاشتىكى مەقسەت، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى نىشان قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە باشقا كېرەكلىك دەپ قارالغان ئۆزى توغرىسىدىكى مۇھىم ئۇچۇر، تەسىراتلار يېزىلىدۇ. ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىمىز چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردەك ئۇنداق ياخشى ئەمەس ھەم بۇنى چەت ئەللىك باھالىغۇچى پروفېسسورلارمۇ بىلىدۇ. بىراق ئەگەر بىز ئۇنى ئىلمىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىمىز بىلەن، ئۆگەنگەن بارلىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيىمىزنى ئىشقا سېلىپ، چىن ھېسسىياتىمىز بىلەن يېزىپ چىقىدىغانلا بولساق، چوقۇم ياخشى چىقىدۇ. بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپتە بىزگە نىسبەتەن باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلىنەرلىك بولغان تەسىرلىك ئوبرازىمىزنى يارىتالايمىز. بۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە بىزنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ـ كىرەلمەسلىكىمىزنى بەلگىلىيەلەيدۇ. پۈتكۈل ماقالە بىر ئۆز ـ ئۆزىنى يورۇتۇپ بېرىش جەريانى بولۇپ، بىز نېمە ئويلىساق، كەلگۈسىدە نېمە قىلماقچى بولساق، شۇ نەرسە قەغەز يۈزىدە ئەكس ئېتىپ چىقىدۇ ۋە بىزنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. باھالىغۇچى پروفېسسورلار بىزنىڭ ئىلتىماس بايانىمىز ئارقىلىق بىز توغرۇلۇق بىر ئىخچام، لېكىن ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە كارتىنىغا ئىگە بولالايدۇ. ئۇ ئارقىلىق يالغۇز بىزنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى، يېزىش قابىلىيىتىمىزنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىزنىڭ ئوقۇشتىكى نىشانىمىزنى، خاراكتېرىمىزنى، قىزىقىشلىرىمىزنى، ھەتتا پۈتكۈل ئىدىيىمىزنى كۆرۈپ ئالالايدۇ. شۇڭا بۇ بىزنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىمىزگە ئەرزىيدىغان بىر يېزىقچىلىق جەريانى بولۇپ، مەلۇم يېتەرلىك ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىمكانقەدەر ياخشى يېزىپ چىقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇزاق ياكى قىسقا يېزىشنى تامامەن ئۆزىڭىز بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ. ياخشى، تەسىرلىك يازالىسىڭىز ئۇزۇنراق يېزىلسىمۇ، قارشى تەرەپ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. گەرچە بەزى مەكتەپلەر بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس كۆرسەتمە بېرىپ، بەت سانىنى كونترول قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزنى ئاساس قىلىپ يازسىڭىز بولىدۇ. بۇ ئارقىلىقمۇ يەنە سىزنىڭ ھەقىقىي ئوقۇش قىزغىنلىقىڭىزنى نامايان قىلالايسىز ۋە قارشى تەرەپتە سىزگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى بەخش ئېتەلەيسىز. ئۇنى قۇرۇق، زېرىكىشلىك گەپلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاددىي بولسىمۇ مەنىلىك، قىزىقارلىق، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي بولغان بىر نەپىس، گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن بارلىق ماھارىتىڭىزنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىشقا سېلىشىڭىز كېرەك. قايتا ـ قايتا ئويلىنىش، كۆپ قېتىم يېزىپ ـ تۈزىتىش، ئۆزىنى بىر قەدەر چۈشىنىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلەرگە ئوقۇتۇپ، ئۇلاردىن پىكىر ـ مەسلىھەت ئېلىپ تولۇقلاشلاردىن كېيىن، ئاخىر ئۆزىگە يارىغان، ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل دەپ قارالغان نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بېرىش كېرەك. ئۇنى كۆرگەنلا ئادەمگە قالايمىقان كۆرسەتمەي، بەلكى بىر ئارخىپ سۈپىتىدە مەخپىي ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بولمىسا باشقىلارنىڭ كۆچۈرۈۋېلىش ياكى پىكىر ئىجادىيەتلىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ كېتىش خەۋپى بار.

خىزمەت تېپىش خېتى ( Resume )

ئادەتتە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، داۋاملىق ئۇلاپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ ۋە ياكى مەلۇم مەزگىل خىزمەت قىلىپ، خىزمەت ئورنىڭىزدا ئۆگىنىپ چەتكە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ئىزدىگەن بولسىڭىزمۇ، يەنىلا خىزمەت تېپىش خېتى يېزىشقا ئېھتىياجلىق بولىسىز. ئۇنىڭدا يەنە سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن كېرەكلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان بولۇپ، ئادەتتە قىسقا، ئىخچام ھالدا شۇ كىشىنىڭ مائارىپ ئارقا كۆرۈنۈشى، كەسپىي قىزىقىشى، خىزمەت تەجرىبىسى، ئائىلىۋى ئەھۋالى ۋە قازانغان نەتىجە ۋە ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرى ۋاقىت، ئورۇن تەرتىپى بويىچە رەتلىك يېزىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشقا تىرىشىش كېرەك. ئادەتتە ئۇ يەنە بىر Cover Letter ، يەنى مۇقاۋا خېتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرلۈك خەت شەكلى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ شۇ ئىشلىمەكچى بولغان ئورۇن مەسئۇلىغا قارىتىپ يېزىلىدۇ. ئۇ كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆزىمىز يېزىش كېرەك بولغان ماتېرىياللارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە نېمىلەرنى يېزىش كېرەكلىكىنى ھەر خىل ئۈلگىلەردىن كۆپ كۆرۈپ

ئۆگىنىش، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈش، كۆپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاندىن ياخشى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئەگەر كەم بولۇپ قالسا ماتېرىيالى تولۇق ئەمەس دەپ قارىلىپ، ۋاقتىدا ئوقۇشقا كىرىشكە تەسىر قىلىدۇ. بىرى ياخشى يېزىلسا، يەنە بىرىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئوقۇغۇچىدا بىزگە نىسبەتەن بىر ئەتراپلىق ئۇقۇم بېرىش بىلەن بىرگە، ئاخىرقى ھېسابتا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىشىمىزنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ھەر بىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئىمكانقەدەر ياخشى يېزىپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە مەكتەپ تەرەپ بىلەن مەيلى E- mail ، يەنى ئېلېكترونلۇق پوچتا ئارقىلىق ۋە ياكى ئادەتتىكى پوچتا ئارقىلىق ئالاقە ئېلىپ بارايلى، ھەممىسىدە ئىنگلىز تىلىنى ئىشلىتىپ يېزىقچىلىق ئېلىپ بارىمىز. بۇمۇ قارشى تەرەپكە ئۆزىمىزنى نامايان قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى. بۇ ھەم بىزدىن ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقىغا نىسبەتەن كۆپرەك ئۆگىنىش ۋە مەشىق ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلتىماس قىلىش داۋامىدا ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئەمەلىيەتتىن ئۈزلۈكسىز ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

باھالاش كومىتېتى ئوقۇشقا كىرىش ئىلتىماسىنى قاراپ چىقىشتا TOEFL ۋە GRE نەتىجىلىرى بىر ئۇلۇشىنى، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ نەتىجىلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن ئۆز كەسپىڭىز ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردە ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىر ئۇلۇشىنى تەشكىل قىلسا، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ماتېرىياللار بولسا يەنە بىر ئۇلۇشىنى ئىگىلەيدۇ. نومۇر ۋە نەتىجىلەر سىزنىڭ قاتتىق دېتال نەتىجىلىرىڭىزگە ۋەكىللىك قىلسا، ھەر خىل ماتېرىياللار يۇمشاق دېتال تەرەپلىرىڭىز بولۇپ، ئەگەر بۇ جەھەتتە يېتەرلىك قايىل قىلىش كۈچى بار دەپ قارالسا، ھەتتا قاتتىق دېتال جەھەتتە ساقلانغان مەلۇم يېتەرسىزلىكلەرنى يېپىپ كېتىشكىمۇ ياردەم قىلالايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر چەتكە چىقىپ ئوقۇشتا پۇل بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئۇنداق بولۇشى ناتايىن بولۇپ، ئۇنى قەتئىي سۇنماس ئىرادە، زور چىدام ـ غەيرەت، بىلىمگە بولغان ئوتتەك تەشنالىقىمىز ئارقىلىق، ئۇلار ئېيتقاندەك كۆپ مىقداردىكى پۇلغا تايانمايمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن. چەت ئەل مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، بۇ ئارقىلىق چەت ئەلدىكى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بولغان ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر يول. مۇشۇ مەقسەتتىكى ھەر بىر ياش ئىرادىلىك بولۇپ، ھەر خىل چىقىش يوللىرىنى تېپىشقا ماھىر بولۇشى، ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چەتكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ بىلىم ئېلىش بولۇپ، چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز يېرىمىزدە ئارتۇقچىلىقىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز بىلىمىمىزنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش، بۇ بىز ھەر بىر ياشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ھەم نىشانى. لېكىن چەتكە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىزمۇ شەخسىي مەنپەئەت، پەس، چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەس ياكى راھەت تۇرمۇشقا ئىنتىلىشلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم. ۋەتەن ئۈمىدى، كېلەچەك ئىگىسى بولغان بىز ياشلارنىڭ تەقدىرى يۇرت، مىللەت تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان چاغدىلا، ئۇ ئاندىن ھەقىقىي ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى





# يېرۇسالېم «قۇددۇس»

يېرۇسالېم دېگەن بۇ ئىسىم ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئىبراي تىلىدا شەھەر مەنىسىدىكى «ئىر» (ir) بىلەن تىنچلىق مەنىسىدىكى «سالەم» (shalom) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. يېرۇسالېمغا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇلىرى يەنى ئىنسانىيەت تىنچلىق ئارزۇلىرى، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر قوۋم ماۋەرائۇننەھرنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى هاران يايلىقىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ هازىرقى پەلەستىنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. كانائانىلار بۇ زېمىندا 1000 يىلدىن ئوشۇق ماكانلاشقان ۋە تارىختىكى داڭلىق «كانائانىلار مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلغانىدى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بۇ قوۋم پەلەستىن زېمىنىدىكى بولۇق ئوتلاقلارنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، شۇ جايدا ماكانلاشقان. مۇشۇ قوۋمنىڭ تۆرىسى دەل ئىبراهىم (ئابراهام) «ئەلەيهىسسالام) ئىدى. كانائانىلار قوۋمىدىكىلەر ئۇنى «ئىبراهىم» يەنى «دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن كىشى» دەپ ئاتىشاتتى.

ئۇستى - ئۇستىلەپ يولۇققان تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئىبراهىم (ئەلەيهىسسالام)نىڭ نەۋرىسى ياقۇپ ئۆز قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ مىسىرغا يېتىپ كەلگەن، ئەمما، ئۇلار مىسىردا پىرئەۋن (فارۇق)نىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇلار قۇللۇقنىڭ دەردىنى 430 يىل تارتقاندىن كېيىن مۇسا (ئەلەيهىسسالام)نىڭ يېتەكچىلىكىدە پەلەستىنگە مىڭ جەبىرلەرنى تارتىپ قايتىپ كەلگەن.

پەلەستىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىبرايلار كانائانىلار بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشىغان. سەرگەردان ئىبرايلار بارا - بارا زورىيىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە خانلىقىنى قۇرغان. تۇنجى خانى ساۋۇرو بولغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا پەلەستىننىڭ جەنۇبىدا يەهۇدىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى داۋۇت يەهۇدىي خانلىقىنى قۇرغان. ساۋۇرو ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن داۋۇت ئىككى خانلىقنى بىرلەشتۈرگەن ھەمدە ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان پەلەستىننى بويسۇندۇرۇپ قەدىمكى كانائانىي شەھىرى (هازىرقى يېرۇسالېم)نى ئىشغال قىلغان ۋە بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1040 - يىللىرى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 932 - يىللىرى ئىسرائىلىيە خانلىقى سەلتەنەت دەۋرىگە قەدەم قويغان. پادىشاھ داۋۇتنىڭ سەلتەنىتىگە ئوغلى سۇلايمان ۋارىسلىق قىلغان. سۇلايمان ئىسرائىلىيە تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك پادىشاھ بولۇپ قالغان. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان 40 يىلدا دىنىي قائىدە، قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان كەمبەغەل دۆلەتنى ئىگىلىكى راۋاجلانغان، ھەربىي ئارمىيىسى كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققان. سۇلايمان سەنتەنەت سۈرگەن دەۋر يېرۇسالېم ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولغان. سۇلايمان كاتتا خان سارىيى ۋە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك بۈيۈك ئىبادەتخانا سالدۇرغان. ئۇنىڭ نام - ئاتىقى ھەرقايسى ئەللەردە كەڭ تارقالغان، ھەتتا مىسىرنىڭ پىرئەۋنىمۇ ئۇنىڭغا

قىزنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن.

سۇلايمان پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە ـ ئىسرائىلىيە خانلىقى ۋە يەھۇدىي خانلىقى، دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 722 ـ يىلى كۈچلەنگەن ئاسسۇرىيىلىكلەر شىمالىي قىسمىدىكى ئىسرائىلىيە خانلىقىنى بويسۇندۇرغان ھەمدە پايتەخت سانت مارىيەنى خاراب قىلغان. سۇلايماننىڭ خانىشى ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش تۆلەپ يەھۇدىي خانلىقىنى ۋەيران بولۇش گىردابىدىن ساقلاپ قالغان. 100 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بابىلۇن خانلىقى يېرۇسالېمنى ئۈچ يىلغىچە قورشاۋغا ئالغان، يەھۇدىيلار مىسىرلىقلار بىلەن بىرلىشىپ باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلغاچقا، ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاھالىلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ، بابىلۇنغا يالاپ ئېلىپ كەتكەن. يېرۇسالېم ئوت دېڭىزىغا غەرق بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەھۇدىي خانلىقى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، يەھۇدىيلار «بابىلۇننىڭ مەھبۇسلىرى»غا ئايلانغان.

جەبرى ـ زۇلۇم يەھۇدىيلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتكەن. سەرگەردانلىق يىللىرىدا يەھۇدىيلار دىنىي ئېتىقادىنى قورال قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغدىغان. ئۇلارنىڭ ئىلاھى يەھۋە ئۇلارغا روھىي تۈۋرۈك ۋە تايانچ بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 539 ـ يىلى پىرسىيە ئىمپېرىيىسى يېڭى بابىلۇن خانلىقىنى يوقىتىپ، مىسىرغا يۈرۈش قىلىشنىڭ يولىنى ئاچقان ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە قايتىپ بېرىپ، قورچاق دۆلەت قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان. يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسىم مال ـ مۈلۈكلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەن. يەھۇدىيلار بۇ ياخشىلىقلارنى يەھۋەنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ كېچىرلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقىدىن كۆرۈپ، يەھۋەگە بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيگەن. تۇنجى تۈركۈمدە 40 مىڭ يەھۇدىي يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ خارابىگە ئايلانغان شەھەردە بۈيۈك ئىبادەتخانىلىرىنى، شەھەر سېپىلىنى قايتا قۇرغان. يەھۇدىيلار دەل شۇ زامانلاردا «ئىنجىل»نى تۈزۈشكە كىرىشكەن. دەل شۇ زامانلاردا يەھۇدىي دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەن. يەھۇدىيلار «بابىلۇن ئەسىرلىرى»گە ئايلانغاندىن كېيىن ئۇلارنى باغلاپ سۈرگۈن قىلىنغاندا بىر مىللەت سۈرگۈن قىلىنغان بولسا، ئۇلار يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر دىن سۈرگۈندىكى مىللەتكە ئايلانغان.

يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىرى بۇنىڭ بىلەن تۈگىگىنى يوق. كېيىنكى نەچچە يۈز يىل جەريانىدا پەلەستىننىڭ خوجايىنلىرى نەچچە مەرتەم ئالماشقان. يەھۇدىيلار قۇللۇق ئىسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ تىرىكشىشنى توختاتمىغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى63 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيىسى پەلەستىننى مۇستەملىكە قىلىپ، يەھۇدىيلارنى دەھشەتلىك ئەزدى ۋە بۇلاپ تالىدى. گەرچە يەھۇدىيلار بىر نەچچە قېتىم قوزغالغان بولسىمۇ، ئەمما ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى بولمىغاچقا مەقسىتىگە يېتەلمىدى. يەھۇدىيلار نەچچە قېتىم تۇخۇمغىچە قىرغىن قىلىنىش قىسمىتىگە ئۇچرىدى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى مۇستەملىكىچىلەر كىرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈردى. بۈيۈك ئىبادەتخانىلىرى كۈل قىلىپ سورۇلدى. يېرۇسالېم شەھىرى گۆمۈرۈۋېتىلدى. جېنىنى ياقىغا ئالغانلىرى ئۆزگە يۇرتلارغا سەرسان بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي خانلىقى ئۇلىدىن غۇلاپ كەتتى.

يەھۇدىي خانلىقى بەربات بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەھۇدىي دىنى بىلەن يېرۇسالېم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ھېچكىم ئۈزۈپ تاشلىيالمىدى. 3000 يىلدىن بۇيان يېرۇسالېم يەھۇدىيلارنىڭ تاۋابگاھى بولۇپ كېلىۋەردى. يېرۇسالېم يەھۇدىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەۋقۇلئاددە ئورۇنغا ئىگە مۇقەددەس جاي.

رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرسان بولغان يەھۇدىيلارنىڭ قەلبى ھەر زامان يېرۇسالېمغا تەلپۈندى. ئۇلار ھەر قېتىمقى دۇئالىرىدا «كېلەر يىلى يېرۇسالېمدا جەم بولىمىز»، دېگەننى تەكرارلاشنى ھەرقاچان ئۇنۇتمىدى. بۇ تىلەك دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق تىلىكى بولۇپ كەلدى. بۇ تىلەك ئۇلارنىڭ شېئىر داستانلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

موررىيە تېغى يەھۇدىيلارنىڭ بۈيۈك ئىبادەتخانىسى جايلاشقان جاي. ھازىرقى غەربىي تام (تۆۋبە ـ ئىستىخبار تېمى) بۈيۈك ئىبادەتخانىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان

2004.4

بىردىنبىر قالدۇقى (خارابىسى). بۇ تام يەھۇدىيلارنىڭ 19 ـ ئەسىردىن بۇيان تاۋاپ قىلىۋاتقان مۇقەددەس جايى ھېسابلىنىدۇ.

سىئان تېغىدا داۋۇت (ئەلەيھىسسالام) نىڭ قەبرەگاھى بار. ئورۇف تېغىدا يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ كونا قەبرىستانلىقى بار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس تاۋابگاھلاردۇر.

مىلادىيىنىڭ بىرىنچى يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىدىكى پەلەستىن رايونىدا كەمبەغەل ياغاچچى ياسىن ئىككى قات ئايالى مەريەم (مارىيە) بىلەن يېرۇسالېمنىڭ جەنۇبىدىكى بېلېفېمغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە بىرئېغىلنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرىدۇ، دەل مۇشۇ كۈنى كەچتە مەريەمنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، ئوغۇلغا «ئىيسا» دەپ ئات قويىدۇ. ئىيسا يېشىغا يەتكەندىن كېيىن كەمبەغەل، تۆۋەن قاتلاملارنىڭ ئارىسىدا دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ.

ئىپتىدائىي خرىستىئان دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ يەھۇدىي مىللەتتىن باشقىلارنى (ياتلارنى) چەكلەشتەك چەكلىمىدىن ھالقىپ «ئايەت يەر يۈزىدىكى ھەممە ئەل، ھەممە مىللەت، ھەممە خەلقلەرگە چۈشۈرۈلگەن) دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، «قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئىيساغا ئىشەنسىلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ»، دېگەن بۇ تەشەببۇس ئىپتىدائىي دىنىنىڭ نۇرغۇن ياغىش ۋە مۇرەككەپ مۇراسىملار بىلەن ئاندىن مەغپىرەت قىلىنىشقا ئېرىشىشتەك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاچقا، نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، ئىيسانىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورايغاچقا بۇنىڭغا يەھۇدىي ياغىش مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىدۇ. ئۇلار 30 كۈمۈش تەڭگىگە ئىيسانىڭ ساھابىسى يۇدانى سېتىۋېلىپ ئىيساغا «رىمغا ئاسىيلىق قىلماقچى»، «يەھۇدىي پادىشاھى مەن دەپ چالۋاقىغان»، دېگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ ئىيسانى قولغا ئېلىپ رىمنىڭ يەھۇدىيدا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئىيسا كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئىيسا ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلگەنمىش، 40 ـ كۈنى جىسمى جەننەتكە كىرگەنمىش.

يېرۇسالېمدا «كەشمەنى» دەپ ئاتىلىدىغان گۈللۈك بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇدا ئىيساغا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن ئىيسا ئەڭ ئاخىرقى كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەنمىش.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا مىلادىيە 620 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىۋاتقان چېغىدا بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ۋەھى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «دۇلدۇل»غا مىنىپ مەككىدىن يېرۇسالېمغا كەپتۇ. ئاندىن بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ يەتتە قات ئاسمانغا چىقىپتۇ، كېيىنكىلەر بۇ ئىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتە قات ئاسمانغا چىققان، مىراجغا چىققان ئورۇنغا بىر ھەيۋەتلىك مەسچىد سالدۇرۇپتۇ.

يېرۇسالېمغا يىراقتىن باققاندا ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئالتۇن قۇببىلىق ئاكسا مەسچىدى. مەسچىدنىڭ ئىچى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، نەقىشلەرگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، يەرگە يۇڭ گىلەم سېلىنغان، گىلەم مەسچىد ئىچىگە شۇنداق زىچ كەلگەنكى، گىلەمنىڭ بىرمۇ ئۇلىقى يوق. مەسچىد ئىچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققاندا دەسسەپ تۇرغان تاش بار. تاۋابچىلار بۇ تاشنى تاۋاپ قىلىدۇ.

يېرۇسالېم ئىسلام دىنىنىڭ 3 ـ چوڭ تاۋابگاھى، ئۇ مەككە، مەدىنەدىن قالسىلا 3 ـ چوڭ تاۋابگاھ. يېرۇسالېم مۇسۇلمانلار قەلبىدە مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

يېرۇسالېم ئەڭ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئارخېئولوگلارنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ تارىخى 4500 يىلدىن ئوشۇق ئىكەن. شەھەرنىڭ سەككىز قوۋۇقى بار. ھازىر يەتتە قوۋۇقى ئېچىۋېتىلگەن. پەقەت بىر قوۋۇقلا ھازىرغىچە تاقاقلىق.

بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن:

«دۇنيادىكى ئون گۈزەللىكنىڭ توققۇزى يېرۇسالېمغا بېرىلگەن».

«ساياھەتچى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 2000 ـ يىل 55 ـ سانىدىن
مۇختار مۇھەممەد (ت)
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# قىيادىكى ئۆۋچىنىڭ نالە-زارى

ج. ئايت[illegible]، م. چاقانوف

2004 . 4

**چاقانوف:** نۇرسۇلتان نازاربايېۋ توغرۇلۇق سۆھ-
بەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈم گۇۋاھ بولغان بۇ ھې-
كايىنى ئېيتىپ ئۆتەي: ئۆز ۋاقتىدا ئۇترار ئوبلاستىنىڭ
بىلىقچى ناھىيىسىگە پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېك-
رېتارى بولۇپ، ئورۇنباسار ئەركىنوف دېگەن مەردانە،
سەنئەتپەرۋەر بىر ئەزىمەت خىزمەت قىلدى. مەشھۇر مۇ-
زىكانت ئەسەت بەيساۋۇف ئىككىمىزنى چاقىرىپ، ناھىيىنى
ئارىلاتتى، كاسپىي دېڭىزىنى ساياھەت قىلدۇردى. بىزمۇ
قەرزدار بولۇپ قالمىدۇق. ئەسەت بىلەن بىرلىشىپ (مەن
سۆزىنى، ئۇ مۇزىكىسىنى) «يايىقتىن يانغان تۇرنىلار»
دېگەن ناخشا چىقاردۇق. ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدا
ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىش كېچىلىكىدە يېڭى ناخشا ئو-
رۇندالدى، كۆپچىلىك ئۇزاق چاۋاك چېلىپ، ناخشىنى
تەكرار ئېيتقۇزدى. سەھنىدىكى ناخشىچىلارغا ئورۇنبا-
سارنىڭ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كەتتى. 70 ـ يىللاردىكى پارتىيە
خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش تۈزۈمىنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلە-
سىز، سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە
مۇتلەق يات، ھەتتا قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك مەزگىل.
ئورۇنباسارنىڭ بۇ قىلىقى ئوبلاستتىكى چوڭ رەھبەرلەر-
نىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، دەرھال گەپ تاراپ، نېمە-
سىنى دەيسىز، خىزمىتىدىن ئاجرىغىلى قىل قېلىپ، خۇدا-
نىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئۆز ئورنىدا ئاران قالىدۇ. نۇر
سولتان ئەبىش ئوغلى شۇ كونا تۈزۈمنىڭ تەلىم ـ تەربى-
يىسىنى ئالغان سىياسەتۋاز بولسىمۇ، سەنئەت دېسە، ياي-
راپ كېتىدىغان ئوچۇق ـ يورۇق كىشى. مەن بىر جۇمھۇ-
رىيەتنىڭ پرېزدېنتى، دەپ مەيدىسىنى كېرىپ تۇرماي،
چوڭ توي، چوڭ تەنتەنىلەردە دومبىرىنى قىيامىغا يەت-
كۈزۈپ چېلىپ، يېقىملىق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ كېتىدۇ.
كېلىنىڭىز سارا ئالپىس قىزى ئىككىيلەننىڭ خەلق ناخشى-
لىرىنى كېلىشتۈرۈپ ئېيتقىنىنى تالاي قېتىم كۆرگەنىدىم.
1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قىرغىزىستاننىڭ خەلقئارالىق
«مەنىۋىيەت جەمئىيىتى» قازاقىستان پرېزدېنتىگە «بۇ
يىلنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىسى» نامىنى بەردى. مۇكا-
پاتنى تاپشۇرۇش پائالىيىتىگە نۇرەكەڭ بىلەن بىللە جۇمە-
ھۇرىيىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرى
ئەبىش كەتلىبايېۋ، ئەلبەك دېنىشىۋ، ئالتىنبەك خوراز-
بايېۋ، دوسخان جولجاقسىنوفلارنىمۇ ئالغاچ كەلدى. يى-
غىننىڭ ئاخىرقى داستىخىنىدا مەشھۇر مۇزىكانت، ناخشىچى
ئالتىنبەك خورازبايېۋ ئەل ئارىسىغا كەڭ تارالغان «چاچ
تەڭگىلىكىم» ناخشىسىنى مۇزىكا ئاپتورى بىلەن قوشۇ-

لۇپ ئورۇنلىدى. مۇزىكانت ئۈچۈن ئۆز ناخشىسىنى ئۆز ئېلىنىڭ پىرېزىدېنتى بىلەن بىللە ئورۇنداشتىن ئارتۇق ئابرۇيى بولماس، بەلكىم. شۇ پائالىيەتتە ئەلبەك دېنىشىف بىلەن دوسخان جولجاقسىنوف ئۆزى مۇراجىئەت قىلىپ، نۆۋەت بىلەن نۇرغۇن ناخشا ئېيتقۇزدى. ھەتتا سەنئەتنىڭ بىر قولىقىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان مەنمۇ ناخشىچىلارنىڭ يېڭى تىزىملىكىگە كىرگەن بەزىبىر تۇغۇندىلارنى بىلمەيدىكەنمەن. نۇرەكەڭ بىلەن مۇڭدىشىپ قالغاندا ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىغا يېتۈك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالىمەن. بىر قېتىم پارىڭىمىز ھېكايە ئىجادىيىتىگە مەركەزلەشكەندە، ئۇ:

—سەن قويچىقارا سالىخارىنىنىڭ «كۆمبە»، «ئالتۇن يىلتىز» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟ —دەپ سورىدى. كىتابخانامدا بار بولغان بىلەن ئوقۇپ چىقىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرگەنىدىم، ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

تولىمۇ كۆلكىلىك بىر ۋەقە تا ھېلىغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ: دېكابىر ۋەقەسىنىڭ پارتلىشىغا باش سەۋەبكار بولغان قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى كولبىننىڭ كۆكتاشقا مىنگەن مەزگىلى. ئارال بالاسى توغرۇلۇق خىلمۇخىل پىكىر ئىختىلاپىغا يولۇقۇپ تۇرغان مەزگىلدە «دېڭىز ھەسرىتى» ھەققىدە يىغىن ئېچىش توغرۇلۇق تەلەپ قويۇپ، كولبىننىڭ ئىجازىتىنى ئالدۇق. يىغىن قىزىلئوردا شەھرىدە ئېچىلىدىغان بولدى. نۇرسۇلتان نازاربايېف شۇ چاغدا جۇمھۇرىيەت مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئىدى. ھەرساھە مىنىستىرلىرى ۋە ئىدارە باشلىقلىرى ھەممىمىز ئوبلاست مەركىزىگە كەلدۇق. كولبىن ئۇزاق كىرىش سۆز قىلىپ، نازاربايېف دوكلات بېرىپ، كەينىدىن خەلقئارالىق «ئارال، ئاسىيا، قازاقىستان» جەمئىيىتى كومىتېتىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ماڭا سۆز بېرىلدى. شۇ سۆزۈمدە مەن مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنىدىم:

فرانسىيىنىڭ پادىشاھى ليۇدوۋىك VIX شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ ھەمدە يازغان ئەخلەت ـ چاۋارلىرىنى فرانسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى تەنقىدچىسىنى چاقىرىپ ئوقۇتۇپتۇ ۋە ئوي ـ پىكرىنى ئاشكارا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. تەنقىدچى ئويلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھنى تەنقىدلەش ئارسلاننىڭ ئاغزىغا ئۆز ئىختىيارىي بىلەن باش تىققانغا باراۋەر. شېئىرلىرىنى ماختاي دېسە، ئادالەت ئۆلۈۋاتقان، شۇ چاغدا مۇشكۇلات ئىچىدىن ئەپلەپ يۈرۈپ يول تاپقان تەنقىدچى:

—جانابى ئالىيلىرى، سىز مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز شېئىر يېزىشنى مەقسەت قىلغانىكەنسىز، شۇ مەقسىتىڭىزنى قالتىس ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ چىقىپسىز، ـ دەپتۇ.

ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغانلار ئېغىزىنى بېسىپ، قەدىمىنى قويدۇرمىغان بىلەن ھەقىقەتنى يۈزمۇيۈز ئېيتقان ئەزىمەت ئوغلانلار بىزنىڭ قازاق خەلقىدىمۇ ئاز بولمىغان، دەپ كېلىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئارال ئاپىتى بىلەن قازاقىستان ئېكولوگىيىسى توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىمنى ئېيتىپ مۇنبەردىن چۈشتۈم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ئېلان قىلىندى. يىغىن ئېچىلىۋاتقان نارتاي بەكەجانوف نامىدىكى ئوبلاستلىق تىياتىرخانىنىڭ بىر بۆلۈمىدە تاماق ھازىرلانغانىكەن. داستىخاندا كولبىن بىلەن نازاربايېف، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن)، يەنە قىزىلئوردا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئەۋەلبەكوف بەشەيلەن ئولتۇردۇق. تاماق يەۋاتقىنىمىزدا نۇرسۇلتان ئەبىش ئوغلى ئويىنشىپ:

—ھازىر ساڭا ئاكاڭنى كۆشكۈرتۈپ قويايمۇ؟ —دېدى ئەتەي قازاق تىلىدا، —يا ئېغىز باسقۇ بېرەمسەن؟

—ئاكىمىز گۆدەك ئەمەسقۇ، —دېدىم ئويلانمايلا.

—ئەمىسە كۆرۈپ تۇر، —دېدى ئۇ، —مۇختار، —دېدى ئۇ ماڭا ئاتايىن بۇرۇلۇپ رۇس تىلىدا، —سېنىڭ سۆزۈڭنى كۆپچىلىك تولىمۇ ياخشى قوبۇل قىلدى. نەچچە قېتىم چاۋاك چېلىپ قىزغىنلىقنى ئىپادىلىدى. بىراق، سېنىڭ پادىشاھ توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟ گەپلىرىڭنىڭ ئارال بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ سەن بۇ مىسال ئارقىلىق گىنىنادىي ۋاسىلېۋىچنى كۆزدە تۇتۇۋاتامىدىڭ؟ —شۇنداق دېيىشىگىلا، كولبىننىڭ رەڭگى بۇزۇلدى.

—راستىنلا سەن شۇ پادىشاھ ئارقىلىق مېنى دەۋاتامسەن؟ بايام تېگىگە ئۇنچە يەتمەپتىكەنمەن، —دەپ سەكرەپ كەتتى.

—يا، ياق، مەن بۇ گەپنى باشقا مەنىدە، باشقا ئوي ـ پىكرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېيتقانىدىم، —دەپ

بېقىۋېدىم، ئىشىنىدىغاندەك ئەمەس، كۈتۈلمىگەندە تاماقتىن تەم قاچتى، ھەتتا ئاخىر يامانغا تارتىپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئىدى. ئارىمىزغا يەنە نۇرسۇلتان ئەبىش چۈشۈپ:

—گىنىادىي ۋاسىلىۋىچ، مۇختارنىڭ ئەزەلدىن ئۆز ئۆي ـ پىكرىنى تارىخىي ھەقىقەت، پەلسەپىۋى ئەستەر بىلەن سۆزلەيدىغان ئادىتى بار، پادىشاھنىڭ سىز بىلەن ئەسلا مۇناسىۋىتى يوق،—دەپ ئاران ئەيۋەشكە كەلتۈردى. دېمەك، مەنتىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىنمۇ ياكى ئادەم پسىخولوگىيىسىنى مۇكەممەل بىلگەچكىمۇ، نازارباييېف ئۆز ۋاقتىدا كولبىننى ئۆز يۆنىلىشىگە خالىغانچە بۇرالايتتى.

—ھە، مۇنداق دېسەڭچۇ؟—دەپ كولبىن ئەسلىدىكى قىنىغا چۈشكەندەك بولدى.

ئايتماتوف: كولبىننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشى قازاق خەلقىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس قانلىق ئىز تاشلاپ كەتتىغۇ. بىر قېتىم قازاقىستانغا بارغان سەپىرىمدە مەخسۇس چاقىرىپ قوبۇل قىلغىنى ئېسىمدە، ئاۋۋالقى تەسرات كۆپىنچە ئالدامچى چىقىپ قالىدىغۇ، ماڭا ئوڭلۇق كۆرۈنگەن ئىدى، بەلكىم شۇنداق كۆرۈنگۈسى كەلگەندۇ.

چاقانوف: كولبىن جۇمھۇرىيەتكە باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرىدىن يۆلەنچۈك تاپقۇسى كېلىپ، ئۇلارغا ئىللىق چىراي قارىغىنى راست. بىراق، ئۇ ئورۇنۇشلارنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققان چىن نىيەت ئەمەسلىكى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ھېسسىياتقا قۇرۇلغان قۇۋۇلۇقنىڭ ھامان باش بارمىقى چىقىپ قالىدۇ، ئەمەسمۇ؟ دەسلىپىدە «بىر يىلدىن كېيىن قازاقچە دوكلات بېرىدىغان بولىمەن» دەپ تالاي كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان كولبىن ئاخىر «سالامەتمۇ سىز» دېگەن سۆز بىلەن قازاقىستاندىن خوشلاشتى.

ئايتماتوف: مىللىي ئەنئەنە بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتنى، خەلقنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى تولۇق ئىگىلىمەي، لەيلەپ ئۆتىمەن دېگەنلەرنىڭ خەلقنى باشقۇرۇشتا قاچان بەختى ئېچىلغان؟

چاقانوف: بىر قېتىم ئىككىمىز پاراڭلىشىپ، نۇرسۇلتان نازار باييېفتىن مۇنداق بىر ھېكمەتلىك رىۋايەتنى ئاڭلىغانىدىم:

قەدىمكى زاماندا بىر خان نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئورمان ئارىلاپ كېلىۋاتسا، ئالدىدىن ئىككى كۆزى بوتىنىڭ كۆزىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان، دۇمبىسى مىس چۆگۈنىدەك پالتىرىغان چىرايلىق بىر كېيىك چىقىپتۇ. خان ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ، كېيىكنىڭ ئارقا پۇتىنى يارىلاندۇرۇپتۇ. بىر تەرىپى تىك ھاڭ، بىر تەرىپى خان ئەسكەرلىرى چۇقان سېلىپ قىسماققا ئالغاندا، جېنى قىينالغان بىچارە كېيىك جان قايغۇسىدا يىراقتا كۆرۈنگەن ئاقبوز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى چۈشلۈك تاماق يەۋاتقانىكەن. ئىشىكتىن كىرگەن كېيىك سېلىقلىق داستىخاندىن بىرلا سەكرەپ، تۆردىكى كەرگىلىككە تۇمشۇقىنى تىرەپ، ھاسىرىشىنى باسالماي تۇرۇپ قاپتۇ.

—كېيىكنى چىقار،—دەپ ۋارقىراپتۇ خان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، تۆردە تاماق يەۋاتقان ئاقساقالغا،—بۇ تاغ ياۋسىنى يىراق يەردىن قوغلاپ كېلىپ، سېنىڭ ئۆيۈڭدە قولغا چۈشۈردۈم، بۇنىڭ مېنىڭ ئولجام ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ داۋاسى يوقتۇر؟

شۇ چاغدا ئاقساقال:

—خان ئىگەم، سۆزۈڭ ئورۇنلۇق، كېيىك سېنىڭ ئولجاڭ، بۇ شور پېشانە مېنىڭ تۆرۈمگە چىقىۋالدى. ئوتتۇرىدا داستىخان سېلىقلىق تۇرغىنىنى كۆردۈڭ، ئاتا قائىدىمىز بويىچە، داستىخاننى ئاتلاپ ئۆتەلمەيسەن، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشكەن ئىككى ئادەمنى ياراشتۇرۇشتا داستىخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتىغۇ، خان بولساڭمۇ ئەنئەنىدىن چوڭ ئەمەسسەن، ئەنئەنىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بۇزساڭ، ئەل ـ يۇرتنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالىسەن! يولۇڭ بولمايدۇ،— دەپتۇ. بۇ ھېكمەتلىك سۆزدىن يېڭىلگەن خان ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپتۇ.

ئايتماتوف: ئەل يولباشچىسى ئۆز ئېلىنىڭ ئاتا ئادەتىنى، ئەنئەنىسى بىلەن ئار ـ نومۇسىنى چىن دىل بىلەن ھۆرمەتلەش ئارقىلىقلا يۈكسەك دانالىق پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەسىرلەردىن ئەسىرلەر ئۆتۈپ، تازا ئوبدان چەككىلەنگەن مىللىي مەدەنىيەتنى كۆزگە ئىلماي، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلار ھەممىشە خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

چاقانوف: خرۇششېف دەۋرىدە قازاقىستان ئىدېئولوگىيىسىنى باشقۇرغان بىر يولباشچى «مېھماننىڭ ئالدىغا قوينىڭ بېشىنى قويۇش، فېئودالىزمنىڭ قالدۇقى، نادانلىق

ۋە مال سانىنى كېمەيتىۋېتىدىغان زىيانكەشلىك» دەپ جار سېلىپ، پۈتكۈل مىللەتنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالغانىدى.

يەنە بىر قىزىق ۋەقە بار: خرۇششېۋ ئالمۇتادىكى چولڭ يىغىنغا قاتناشماقچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى قەدىرلىك مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئايرودرومغا پايتەختنىڭ مېھنەتكەش ۋەكىللىرىنى، گۈل تۇتقان پىئونېرلارنى، بايراقچە كۆتۈرگەن ياشلارنى يىغىپ، شاد ـ خۇراملىق ھالەتنى سۈنئىي ياساپتۇ. بىر ھازادا ئىككى ئايىغىدا ئارانلا تۇرغان خرۇششېۋ ئايروپىلاندىن چىقىپ، مىغىلداپ تۇرغان خەلققە قاراپ، بېشىدىكى شلەپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

—ئۆزبېك خەلقىگە يالقۇنلۇق سالام!—دەپ ۋارقىراپتۇ.

بەلكىم، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايسى جۇمھۇرىيىتىگە كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، نەس باسقان بولسا كېرەك، بۇنىڭ تۈپ يىلتىزىدا مەدەنىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن مەنمەنچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا!

ئايتماتوف: ئۆزبېكستاننىڭ پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموف بىلەن دەسلەپ 1990 ـ يىلى تونۇشتۇم. ئۇش ۋەقەسى يادىڭدا باردۇر، كۆتۈلمىگەندە مىللىي ئارازلىق يۈز بېرىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدا قان تۆكۈلگەندە چىداپ تۇرالمىدىم. يىغىن مەزگىلىدە گورباچېفقا يولۇقۇپ:

—ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ئۇشقا باراي، ئارازلىق نېمىدىن پەيدا بولدى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى قىلاي،—دېدىم. ئۇ دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى كرىيوچكوف بىلەن مۇداپىئە مىنىستىرى يازوۋنى چاقىرتىپ: «دەرھال مەخسۇس ئايروپىلان تەييارلاڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇ كۈنى بىر توپ كىشى بىلەن بىللە موسكۋانىڭ ئىچكىرىسىدىكى چكالوف نامىدىكى ھەربىي ئايرودرومدىن يولغا چىقتۇق. تاشكەنت ئايرودرومىغا كېلىپلا ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئادىل ياقۇپوف بىلەن خەۋەرلەشتىم. ھەممىمىز شۇ يەردە ئۇچرىشىپ يىغىن ئاچتۇق. قېرىنداش ئىككى خەلق بىر ـ بىرى بىلەن ياقا يىرتىشماقتا. ئۇرۇش ـ تالاشنى قانداق توختىتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتا تۇتاشقان ئوتنى قانداق ئۆچۈرۈش كېرەك؟ ھەممىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرغان مانا مۇشۇ ئىش بولدى. ئايرودرومدا تۇرغان ئىككى سائەت ئىچىدە «پەرغانە ئوبلاستىدا نەچچە ئون مىڭ ئۆزبېك ئۇشقا قاراپ مېڭىۋېتىپتۇ»، «تۇنۇگۈندىن بېرى ھېلىگەر قىرغىزلار ئاتقا مىنىپتۇ» دېگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويماقتا ئىدى. شۇ چاغدا ئۆزبېكىستاندىكى ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىگە:

—بۇنىڭدىن كېيىن سىنىڭ توغرا ئەمەس، مېنىڭ توغرا، دېگەن گەپلەرنى توختىتايلى، ھەر ئىككى تەرەپتىن خاتالىق ئۆتتى، ئەمدى يەنە تالاش ـ تارتىشنى ئەۋج ئالدۇرمايلى،—دېگەن تەكلىپنى قويدۇم. يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىغان ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئىسلام كەرىموفمۇ ئايرودورومغا يېتىپ كەلدى. بىلىملىك يىگىت ئىكەنلىكى سۆزىدىن، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا:

—ئۇشقا باستۇرۇپ كىرىمىز دەپ تۇرغان پەرغانىلىك كۈچلەرنى توختىتىڭلار، بىر قوزغىلىپ كەتسە، غەزەپلەنگەن توپنى ئەقىلگە چاقىرىش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ، ئاخىر قىرغىنغا ئۇلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بىز ئۆز تەرىپىمىزدىن ئۇش ئوبلاستىنى تىنجىتىشقا ھەرىكەت قىلىمىز،—دېدىم. ئىسلامنىڭ ئويىمۇ شۇ ئىكەن. سۆزۈمنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىگە ئۆزىتىپ خوشلاشتى.

ئۇش ئوبلاستىغا بېرىپ، ئۆزبېكستان تېلېۋىزىيىسىدىن جۇمھۇرىيەت خەلقىگە بېغىشلاپ نۇتۇق سۆزلىدىم. ۋەقەنىڭ نېمىدىن باشلانغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كېلىپ، جېدەل ـ غوۋغا مۇشۇنداق ئەۋج ئېلىۋەرسە، قانداق ئاپەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتتىم. يېنىمغا ئادىل ياقۇپوف بىلەن پرىمقۇل قادىروۋ ھازىر بولدى. ئۇ ئىككىيلەنمۇ مېنىڭ پىكرىمنى قوللاپ، ئۆزبېك خەلقىنى سەۋرچانلىققا چاقىردى. شۇ قېتىم ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆلى ئاجرىمىغان قېرىنداش ئىككى خەلقنىڭ ئارىسىدىكى غىژ ـ غاژنى بېسىشتا ئىسلام كەرىموف چوڭ

رەھبەرگە لايىق ئەقىل ـ پاراسەت، ئەزىمەتلىك كۆرسەتتى. بىر قېتىم قازاقىستاننىڭ پېنسىئونېرلار كۇلۇبى ئۆزىنىڭ نۆۋەتلىك يىغىنىنى قوستاناي شەھىرىدە ئاچتى. كۇلۇب رەھبىرى ئابدىجامىل نۇرپەيسوفنىڭ چاقىرىشى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىپ، فرانكفورتقا قايتىشىمدا تاشكەنتكە چۈشتۈم. كەچقۇرۇن مەن چۈشكەن يەرگە ئىسلام كەرىموف كەلدى. ئىككىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ھەققىدە پىكىرلەشتۇق. ئىلگىرى ئۇنى پەقەت چارۋىچىلىقنىلا بىلىدىغان كىشى، دەپ ئويلايتتىم. ئەل بىلەن يەرنىڭ تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان، گۈزەل ـ سەنئەتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن مول مەلۇماتقا ئىگە ئەرباب ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. كېيىن تاشكەنت شەھىرىدە قەد كۆتۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئويىمۇ شۇ قېتىمقى چوڭقۇر سىردىشىش ئۈستىدە بارلىققا كەلگەنىدى.

چاقانوف: ھەئە، 1995 ـ يىلى شۇ مەدەنىيەت جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا سىز رەئىس بولۇپ سايلاندىڭىز، ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەربابلىرى ئەركىن ـ ئازادە سىردىشىۋالدى. شۇ ئەھمىيەتلىك يىغىندا ئۆزبېك شائىر ـ يازغۇچىلىرى ئادىل ياقۇپوف، شۈكرۇللا، ئابدۇللا ئارىپوف، ئامان مەتجان، ياكۇپجان خوجامبەردىيېف، ئەخمەتجان مېلىبايېف، جامال كامال، كىنو ئىجادىيەتچىسى خەيرۇللا جورابايېفلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىسلام كەرىموف ھەققىدە ياخشى پىكىرلەرنى ئاڭلىدىم. قەلەمداش دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىلا جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ھەتتا بىر يىلنىڭ ئىچىدە باشقىسىنى بىر ياققا قويغاندىمۇ، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا شائىر ـ يازغۇچىلارغا ئەللىك ئۆينى بەرگۈزگىنى (پەقەت تاشكەنتنىڭ ئۆزىدىلا) مەنىۋى بايلىقنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا قىلغان غەمخورلۇقى ئەمەسمۇ! شۇنى يوشۇرمايمەنكى، ئىلگىرى ھەر تۈرلۈك ئەپقاچتى گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغاچقىمۇ، ئىسلام كەرىموفتىن رازى بولماي يۈرەتتىم. شۇ سەپىرىمدە بۇرۇنقى كۆز قارىشىمدىن يالتىيىپ، قېرىنداش خەلقنىڭ پرېزىدېنتىغا بولغان ھۆرمىتىم قوزغالدى.

ئايتماتوف: باللىق چېغىمدا ئاڭلىغان دانىشمەن ئەمىر تۆمۈرگە ئالاقىدار بىر رىۋايەت ئېسىمدە قاپتۇ:

ئۇلۇغ پادىشاھ ئۆز دەۋرىدە بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى ئالاھىدە راۋاجلاندۇرۇپ، مۇنارلىرى ئاسمان ـ پەلەك گۈمبەزلەرنى، مەسچىتلەرنى كۆپلەپ سالدۇرۇپ، بۇ شەھەرلەرنى ئىلىم ـ بىلىم مەركىزىگە ئايلاندۇردى، ئەمەسمۇ! ئېرەمباغلىرى بىلەن ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشى شۇنچىلىك كۆركەمكى، چەت ئەل جاھانكەشتىلىرى تالاي قېتىم بايان قىلىپ، زوق ـ شوق بىلەن يازغانىدى. ئەنە شۇ گۈزەل ئىككى شەھەرنى ھەزىلكەش شائىر خوجا ھاپىز:

ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە، ئۇشۇل شىرازى جانانى،
ئۇنىڭ خالىغا بەرگەيمەن سەمەرقەند ھەم بۇخارانى.

دەپ گۈزەل قىزغا بېغىشلاپ شېئىر يېزىپ، سىرتىدىن سېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

—بىر تال مەڭ ئۈچۈن مېنىڭ قوش شەھىرىمنى بېرىۋەتكەن نوچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقاي، ئالدىمغا ئەپكىلىڭلار!—دەپتۇ غەزەپلىنىپ. ئەل ئارىلاپ يۈرگەن شائىر دەرمەھەل تېپىلماپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ سارايىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئاپتاپسىنىپ تۇرسا، يىراقتا ھاپىز ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتقانىكەن. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ھاپىزنى مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرماي تۇتۇۋېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپتۇ.

—سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ساتقان سەنمۇ؟—دەپتۇ ئەمىر تۆمۈر ھەيۋەت بىلەن. شۇ چاغدا خوجا ھاپىز:

—ئۇلۇغ پادىشاھىم، ھەممە دۆلىتىم بويۇمدا، ئۇنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، يوقسۇل كىشى مەرد كېلىدۇ. گۈزەلنىڭ رايى يانمىسۇن دەپ بېرىۋەتكەن ئىدىم،—دەپتۇ. پادىشاھ قارىسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۈستىدىكى جۇل ـ جۇل چاپىنى بىلەن ئايىغىدىكى يىرتىق كېپىشىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن.

—ھەقىقىي ئەركەكلىك، شائىرلىق مىجەز،—دەپ كۈلۈۋېتىپتۇ شۇ چاغدا پادىشاھ تۆمۈر،—مەن پادىشاھ بولسام، سەن ئۇلۇغ شائىر، سارىيىمنىڭ تۆرى سېنىڭكى، قالغان ئۆمرۈڭنى خاتىرجەم، شاد ـ خۇرام ئۆتكۈز، ئىجادىيەت بىلەن ئەركىن شۇغۇللان،—دەپتۇ ۋە ئەتراپىدىكى ۋەزىرلىرىگە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاداپ تۇرۇپ:

—پادىشاھى شائىرنى ئىزدىگەن ئەل بەختلىك، شائىرى پادىشاھنى ئىزدىگەن ئەل شور پېشانە، مۇشۇنى

2004.4

ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار ـــ دەپتۇ.

چاقانوف: ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى:

1995 ـ يىلىنىڭ ياز ئېيىدا قىرغىز مەتبۇئاتى «ئايتماتوف پرېزىدېنت سايلىمىغا قاتنىشىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى كەينى ـ كەينىدىن يېزىشىپ، جامائەتنى سەل ـ پەل بىئارام قىلدى.

سىزنىڭ قىرغىز خەلقى ئارىسىدا، كۈللىي تۈركىي دۇنياسىدىكى قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى بىلىدىغانلار «چىڭگىز ئاكا پرېزىدېنت بولسا بولاتتى» دېيىشتى. پىكىرلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئەۋج ئېلىۋاتقاندا، بېلگىيەدىن ئۆزىڭىز تېلېفون بېرىپ قالدىڭىز، ئەلكۈن ئارىسىدىكى گەپنى سىزگە يەتكۈزدۇم. شۇ چاغدا سىز:

ـــ ماڭا يېقىن ھەمدە قىرغىز خەلقىگە خالىس كىشى سۈپىتىدە مەتبۇئات ئارقىلىق سۆھبەت بېرىپ، بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گەپ ئىكەنلىكىنى دېسەڭچۇ، بۇ ئىككى تەرەپكە ئوت ياققۇسى كەلگەن بىراۋلارنىڭ چاكىنىلىقىدىن پەيدا بولغان نەرسىدۇ، ھەقچان، ـــ دەپ ئۆتۈنگەن ئىدىڭىز. جىددىي سۆھبەت تەشكىللەپ، قىرغىز زېمىنىدا ھۇشقىيىتىپ تۇرغان بۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبكارى بولدۇم. كېيىن نۇرسۇلتان نازاربايېفمۇ ماڭا سىز بىلەن فرانسىيىدە يولۇقۇپ، مۇشۇ گەپ توغرىسىدا سىرداشقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

ـــ چىڭگىز ئاكا، پرېزىدېنتلىقنى نېمە قىلىسىز؟ خۇداغا شۈكۈر، ئاتاق ـ ئابرۇيى ھېچبىر پرېزىدېنتتىن كەم ئەمەس، خەقنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسىغۇ، ـــ دېگەنىدى. چېكە، جۇمھۇرىيەت پارلامېنت ئەزالىرى سىزنى دەسلەپ پرېزىدېنتلىققا كۆرسەتكەندە، بۇنىڭدىن باش تارتىپ، بۇ ئورۇنغا ئاسقار ئاقايېفنى كۆرسەتكەنىدىڭىز، بۇ ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى قەلەمكەش ئىنىڭىز، ئورتاق دوستىمىز، قىرغىزىستاننىڭ شۇ چاغدىكى دېموكراتلىرىنىڭ بىرى قازات ئاكماتوف بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

1990 ـ يىلىدىن باشلاپ مەن باشقۇرىدىغان «قىرغىزىستان دېموكراتىك ھەرىكىتى» پارتىيىسى پارلامېنت يىغىنىدا دۆلەتكە پرېزىدېنتلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى كىرگۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ قويدى. بۇ تەشەببۇسقا دەسلەپتە ھېچبىر ۋەكىل قوشۇلمىغان بىلەن ۋاقىت ئۆتۈپ، بىزنى قوللايدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيگىلى تۇردى. بىراق، مۇشۇ چاغدىكى قىرغىزىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن بۇ تەكلىپىمىز قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. قىرغىزىستان ئۆز ئالدىغا ئايرىم جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئىتتىپاقتىن چىقىپ كېتىدۇ، دېگەن پىكىر ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئۇلار:

ـــ كېڭەش ئىتتىپاقىدا بىر پرېزىدېنت بار، شۇ يېتىدۇ، ھەر جۇمھۇرىيەتكە بىردىن پرېزىدېنت سايلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ـــ دەپ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىدىن ئايرىلماقچى بولدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئېچىلغان يىغىندا پرېزىدېنتلىق ھاكىمىيەتنى قوللىغۇچىلار تالاش ـ تارتىشتا غەلىبە قىلدى ـ دە، جۇمھۇرىيەتتىكى پارتىيە تەشكىلاتى سىياسىي سەھنىدىن ئاز ۋاقىت بولسىمۇ چۈشۈپ كەتتى. پرېزىدېنتلىققا كۆرسىتىلگەن نامزاتلار ئىككى قېتىمدىمۇ تۈزۈك ئاۋازغا ئېرىشەلمەي، پارلامېنت سىياسىي تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى، ئاخىرىدا يىغىن 25 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقان ھەيئەت قۇرۇشنى ماقۇللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. مەقسىتىمىز قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا كىمنى كۆرسىتىمىز، دېگەن مەسىلە ئىدى. خۇلاسە پىكرىمىزنى يىغىن ئۈچ كۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئاخىر ھەيئەت ئەزالىرى ئىككىگە بۆلۈندۇق. 12 ۋەكىل ئومۇمىي خەلق ئاۋازىغا قويايلى، دەپ پرېزىدېنتلىككە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىلگىرىكى رەھبىرىنى ئەپكىلىشكە كۆچەسە، قالغان 12 سى (بىر ۋەكىل ئاغرىپ قالغان) يېڭى نامزات كۆرسىتەيلى، دېگەن تەشەببۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى، سىياسىي ھەرىكەتكە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغان خەلق تولىمۇ جىددىي ئىدى. «قىرغىزىستان دېموكراتىك ھەرىكىتى» پارتىيىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «ئايتماتوف پرېزىدېنت بولسۇن» دەپ شۇئار توۋلىغان ياشلار ئەتىسى ـ ئاخشىمى يىغىن ئېچىلىۋاتقان ئىمارەتنى قورشاپ تۇردى. «ئاق ئۆي»نىڭ يېنىدا 140 كىشى ئاچلىق ئېلان قىلدى. مۇشۇنداق قىستاڭچىلىققا كەلگەندە، ھەيئەت ئەزالىرى:

ـــ پرېزىدېنتلىككە ئايتماتوفنى كۆرسىتەيلى، ـــ دېيىشتى.

ئۇ چاغدا چېكەڭ موسكۋادا ئىدى.

ـــ ھازىرلا تېلېفوندا سۆزلەش، تېز چاقىر،

كەلسۇن، ــ دېيىشتى كىشىلەر. تۆلەمىش ئۇكېيېف بىلەن بارپى ئىرسبايېفنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ، چېكەڭ بىلەن ئالاقىلىشىۋېدىم، ئۆيدە بار ئىكەن.

بۇ چاغدا ئايتماتوف خەۋىرىمنى ئاڭلاپ:

ــ مېنىڭ پرېزىدېنت بولۇشقا تەييارلىقىمۇ، ئىشتىياقىممۇ يوق. ئىزگۈ نىيىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت. بۇ تولىمۇ مەسئۇلىيەتلىك ۋە تولىمۇ مەرتىۋىلىك ئورۇن. شۇڭا بۇ ئورۇنغا ئىقتىسادشۇناس، قانۇنشۇناس ياكى يېزا ئىگىلىك ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇناسىپ. يازغۇچىلىق ھۈنىرىمنى ئەمەلگە تېگىشكۈم كەلمەيدۇ. ئويلاپ قويغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار، شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرسامۇ يېتىدۇ ــ دەپ يېقىن كەلمىدى.

ــ ماقۇللۇقىڭىزنى بەرسىڭىزلا بولدى. پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىۋاتسىز، ــ دېدۇق. ھەقىقەتەنمۇ سۆزىمىز چىن ئىدى. ناۋادا ئايتماتوف «بولىدۇ، ئۆزۈڭلار بىلىڭلار» دېگەن بولسا، پارلامېنتنىڭ ئۇنى پرېزىدېنت قىلىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمان يوق ئىدى.

ــ ئۆزىڭىز كىمنى تەكلىپ قىلاتتىڭىز؟ ــ دېدۇق ئاخىرى ئۇنىمايدىغانلىقىغا كۆزىمىز يېتىپ.

ــ باركاللا! ئەمدى ئەقلىڭلارغا كەلدىڭلار، ــ دېدى ئۇ يۇمشاپ، ــ مەن پرېزىدېنتلىككە ئاسقار ئاقايېفنى تەكلىپ قىلاتتىم. ئۇ بىلىملىك، ساداقەتلىك يىگىت، پىشقادىسىرى ئۇنىڭدىن ياخشى ئەل رەھبىرى چىقىشى مۇمكىن.

ــ پارلامېنتقا، مۇشۇنداق دېسەك بولامدۇ؟

ــ ھەئە، پارلامېنتقا مېنىڭ نامىمدىن سالام ئېيتىڭلار، ئاسقارنى سايلىسا، خەلقىمۇ، ئۆزۈڭلارغىمۇ توغرا بولىدۇ. ئاسقار بۇ چاغدا موسكۋادا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي كېڭەشنىڭ مەجلىسىگە قاتنىشىۋاتقانىدى. تەڭ قىسلىقتا قالغان پارلامېنتنىڭ 14 ۋەكىلى ئالىپ يازغۇچىنىڭ بۇ پىكرىنى ئاڭلاپ پىرقىراپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى نۆۋەتتە كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن ئاسقار ئاقايېف قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى.

چېكە، قازاتنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، خەلق بىلەن پارلامېنتنىڭ ئارزۇسىدىن باش تارتىشىڭىز تۇغما مەشھۇرلىقىڭىز.

ئىككىنچىدىن، يازغۇچىلىقتا سادىقلىقىڭىزدىن بولغاندۇ.

**ئايتماتوف:** ھەر كىمنىڭ چامىغا بېقىپ چىقىدىغان پەللىسى بولىدۇ. تەقدىر بىزگە قەلەم جاسارىتىنى نېسىپ قىلغانىكەن، ئورۇنلۇق پايدىلىنالىساق، سۆز قۇدرىتى بەباھا قورالدۇر.

**چاقانوف:** مەن ئاسقار ئاقايېف بىلەن تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى چېغىمدا تونۇشتۇم. شۇ يىغىندا ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران قالغانىدىم. 1986 ــ يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە يۈز بەرگەن دېكابىر ۋەقەسنى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزىمەن، دەپ پالاقلاپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. سىز ئۇ چاغدا چەت ئەلدە ئىدىڭىز. شۇنداق ئالدىراش چاغدا، رەھمەتلىك ئاندىرى ساخارۇف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يادرو فىزىكا ئالىمى) يېنىمغا كېلىپ، بىر پالاتانىڭ تۆتتىن بىر قىسمى يەنى 68 ئادەم قول قويسا، مۇزاكىرىگە قويىمەن، دەپ يۈرگەن مەسىلەڭ كۈنتەرتىپكە مۇزاكىرىسىز قويۇلىدۇ، دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۇدا ھەر بىر ۋەكىلگە قولۇمدىكى 3 ـ 2 ۋاراق قەغىزىمنى ئوقۇتۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ قەلىمىگە 5 ـ 4 مىنۇت تەلمۈرۈپ، ئاياغلىرىم يىرتىلىپ كەتتى. شۇ چاغدا قىرغىزىستانلىق 24 ۋەكىل ئىچىدىن تەۋرەنمەي قول قويغان ئىككىلا ئادەم تېپىلدى. بىرى ئاسقار ئاقايېف، يەنە بىرى، تالاس ئوبلاستىدىن سايلانغان تەلدىبەك كەرىمبەكوف دېگەن شوپۇر ئىدى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، شوپۇر دېگەن ماشىنا رولىدىن ئايرىلىپ قالمەنمىكىن، دەپ قورقىمىسىمۇ بولىدۇ. كونا تۈزۈمنىڭ كۈچى تېخى قايتمىغان مەزگىلدە جۇمھۇرىيەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇپ، شۇ تۈزۈمگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ياشلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوللايمەن، دەپ قول قويۇشنى ئاسقارنىڭ ھەقىقىي ئەزىمەتلىكى، دەپ ھېسابلىدىم.

**ئايتماتوف:** ھازىر دەۋر ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ئەللەرنىڭ پرېزىدېنتلىرىنى ھەر نۇقتىدىن سىناۋاتىدۇ. بۇنداق مۇشكۈلات خەلقنىڭ بېشىغا ئىككى تۈرلۈك ئەھۋالدا چۈشىدۇ. بىرى، ئۇرۇش شارائىتىدا؛ ئىككىنچىسى، جەمئىيەت ئالماشقاندا، ئاسقارنىڭ مەن ياقتۇرغان بىر ئەزىمەتلىكى ــ بازغان بىلەن سەندەل ئارىسىغا پات ـ پات چۈشۈپ سىنىلىۋاتسىمۇ دېموكراتىيىگە يولنى كەڭ ئېچىشى، سۆز ئەركىنلىكىگە، ئۆكتىچىلەرگە توساق قۇرۇلغاندا ھەقىقەت

ئۆلدۇ. ئۆكتىچىنى بەزىلەر ئۆز تاجۇ تەختىنى تالاشقۇچى،
دەپ بىلدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا ئۇنداق ئەمەس. خەلقنىڭ
سىياسىي يۈنىلىشى قانداق، دېموكراتىيىنى بوغۇۋاتقانلار
كىملەر، قايسىمىز دۆلەت خەزىنىسىگە قول سالدۇق،
چەتتىن ئالغان سەرمايىلەر قايسى ساھەگە ئىشلىتىلدى
ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغىنى ئەۋ-
زەل. ئۆكتىچىلەر بولسا، نازارەت قىلىپ، خاتالىقىنى رە-
ھىمسىزلىك بىلەن تەنقىدلەيدۇ. شۇنىڭغا قاراپ خاتالە-
قىنى تۈزىتىۋالسەن.

**چاقانوف:** دېمەك، ئاقايېف مېنىڭچە بىلىم ئىقتىدارى،
بىلەن يۈكسەك ئەزىمەتلىك خىسلەتنى بىر نۇقتىغا مۇ-
جەسسەملەندۇرگەن تەڭداشسىز سىما. راست، قىرغىز
جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى بولغاندا بەزىلەر ئۇنى
بەك ياۋاش ئىكەن، دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ
مەزگىل ئىچىدە ئۆزگىلەرنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تەگ-
مەي، ياقا يىرتىشمايمۇ مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا بولىدى-
غانلىقىنى روشەن دەلىللەپ ئۆلگۈردى. ئۆز ئېلىنىڭ قەدىم
زامانلاردىن بۇيانقى تارىخىنى، تەقدىر ـ قىسمىتىنى بەش
قولدەك بىلىدىغان ئاسقار ھەرقانداق ھېكايىنى ئىنسانىي
ئورتاق غايىلەر بىلەن نۇرغۇن ئەسىرلىك پەلسەپىۋى قاي-
ناملارغا ئاپىردۇ. ئاسقار بىلەن ئازغىنە سۆھبەتداش
بولغان ئادەم ئۇنىڭ چىرايىدىن تامغان تارتىنچاقلىقنىڭ
قەۋەتلىرىدە يۇقىرى سەۋىيىدىكى بىلىم بارلىقىنى بايقىغان
بولاتتى. بېشكەكتىكى توختاغۇل نامىدىكى مەدەنىيەت
سارىيىدا مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە بېغىشلانغان كېچىلىك ئۆت-
كۈزۈلۈپ، كېچىلىكتە قىرغىز ياش شائىرى ئۆمۈر بەگ
تىلەۋبايېف بىر شېئىر ئوقۇدى. شۇ چاغدا ئاسقار ئاقايېف:

ــــ ماۋۇ يىگىتتىن ياخشى شائىر چىقىدىكەن،ــــ دەپ
شائىرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى قويۇن دەپتىرىگە يېزىۋال-
دى. ۋىللىدە يالتىرىغان يېڭىلىقنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، قول-
لاشنى بىلىشمۇ ئەل رەھبىرىگە بىردىنبىر زۆرۈر مىجەز.
ئاسقار شېئىرىيەت ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزدەك پارلاق تالانت
ئىگىسى ئەلقۇل ئوسمانوۋانىڭ ھەيكىلىنى ئۆز خىراجىتى
(قەلەم ھەققى) بىلەن ئورناتماقچى.

كېيىنكى يىللاردا سەنئەتكە شۇنداقلا تىياتىرغىمۇ
خەلقنىڭ قىزىقىشى پەسلەپ كەتتى. بۇنداق بولۇشقا
مۇستەقىل بولغان ياش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بازار ئىگىلى-
كىگە دۇچ كەلگەن مۇشكۈل ئىقتىسادىي ئەھۋالى سەۋەب

بولۇۋاتىدۇ.

قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئارتىسى ئارسەن ئۆمۈر
ئالىيېف يېتەكچىلىك قىلىدىغان بېشكەك شەھەرلىك تىيا-
تىرخانا كۆرۈرمەنلەر ئۇچۇن ياپون دراماتورگى مودزامون
تىكاماتسۇنىڭ «ئامۇدزىما» ناملىق تىياتىرىنى تەييار-
لاپتۇ، دەسلەپكى قويۇلۇشقا ئاسقار ئاقايېف باشچىلىقىدى-
كى مەملىكەت ئەربابلىرى، ئەلچىلەر بىلەن زىيالىيلار جا-
مائىتى چاقىرىلىپتۇ.

ئويۇن تۈگىگەندە پىكىر ئېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى
مەزگىلىدە ياپونىيىدە باش كونسۇل بولۇپ خىزمەت قىل-
غان قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك كاتىپى ئىشەن-
بايى ئابدۇرازاقوۋ، روسىيە ئەلچىسى رام سۇۋاروۋ مۇ-
كىرجا بىلەن مەن سەھنىنىڭ تۆرىدە تۇرۇپ، نۆۋەت بە-
لەن پىكىر قىلدۇق. كەينىدىن ئاسقار ئاقايېف سۆز ئالدى.
پرېزىدېنتىنىڭ چوڭقۇر بىلىمىگە ھەيران قېلىپ، تاڭلاي
قېقىپ كەتتۇق، ئۇقساق، ئاسقار ئەسەرنى ئوقۇپ چىققا-
نىكەن ھەم ئەسلىي نۇسخىسنى تەرجىمىسىگە سېلىشتۇ-
رۇپ تەتقىق قىپتۇ. مۇھىم يەرلىرىنى مىساللار بىلەن
ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن قالماي يەنە مودزامون
تىكاماتسۇنىڭ قەلىمىدىن يەنە قانداق ئەسەرلەرنىڭ چىق-
قانلىقىنى، قانداق تىللاردا ئېلان قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنى
ھەتتا باشقا يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇ تىپتىكى ئەسەرلىرى
بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلدى.
ئەسەردىكى تۈرلۈك مىجەزدىكى قەھرىمانلار بىلەن ئۇ-
لارنىڭ رولىغا چىققان ئارتىسلارنىڭ ماھىرلىقىنىڭ قانداق
ماسلاشقانلىقىنى تەپسىلىي، چوڭقۇر بايان قىلغاندا، كۆپ-
چىلىك گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. مەنمۇ شۇ قېتىمقى
تىياتىرغا تەرەپبازلا تەييارلىقسىز بارغىنىمغا بەكمۇ خىجىل
بولۇپ قالدىم.

**ئايتماتوف:** ھەئە، قىرغىز زېمىنىدا كونا ھاكىمىيەتنىڭ
ئۆزگە ئىنسانپەرۋەرلىك غايە بىلەن قاراشقا بولىدىغانلى-
قىنى ئىسپاتلاپ كېلىۋاتقان ئاسقارغا ئوخشاش كىشىنىڭ
بارلىقى بىزگە مەدەت، مۇقا، بىز پىرئەۋنلەردىن باشلىغان
پارىڭىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلەيدىغان قېرىنداش ئۈچ
مەملىكەتنىڭ پرېزىدېنتلىرىغا ئەكەلدۇق. رەھبەر بولۇپ،
بارچە خەلقنىڭ كۆڭلىنى تەڭ ئالغان ھاكىمىيەت ئىگىسىنى
مەن تېخى كۆرمىدىم. دېمەك، نۇرسۇلتان، ئىسلام، ئاسقار
توغرۇلۇقمۇ خەلق ئارىسىدا كۆڭۈلسىز پاراڭلار بولۇشى

مۇمكىن. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتتىكى دەسلەپكى ئۇگۇشلۇق قەدىمىگە، مەنىۋى بايلىقىغا، ئەل بېشىغا مۇناسىپ، ئۆزىمىز گۇۋاھ بولغان بىر ـ ئىككى ۋەقەلەردىلا توختالدۇق. بىزمۇ كۆڭلىمىزدىكى ئەندىشىلىرىمىزنى يوشۇرمايلى.

چاقانوف: بۇ ئەندىشىمىزگە تۈركمەن بېشى سەپەر مۇرات نىيازوفنىڭ ھازىرقى يۇرت سوراش ئەھۋالى تولۇق ئىسپات بولالايدۇ. شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ خەلققە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلگەن نىيازوف شۇ ئىللەتكە ئۆزى بېرىپ ئۇرۇلدى. تىرىك چېغىدا ئۆزىگە 200 دىن ئارتۇق يادنامە تىكلىگەنلىكى تارىختىن خەۋىرى بار ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆلگۈسىنى كەلتۈرمەمدۇ! سامانەك ئىگىلىكلەرگە، ناھىيىگە، شەھەرگە ھەتتا قانالغىچە ئۆز نامىنى قويۇپ، ھەممە يەرگە سۈرىتىنى ئاستۇرغىنىغا كېلەچەك ئەۋلادنى دېمىگەندىمۇ، ھازىرقى زاманداشلىرى توغرا ئىش بولدى دەرمۇ؟

ئايتماتوف: پرېزىدېنتلىق مەرتىۋە ئىنتايىن ئاز نېسىپ بولىدىغان تەقدىرنىڭ بۈيۈك تارتۇقى. گاھىدا ئۇلار مۇشۇ يۈكسەك بۈيۈكلۈككە ئۆزىنىڭ دانا سىياسەتۋازلىقى، ئەقىل ـ پاراسەتتە زاманداشلىرىدىن ئۈزغۇنلىقى بىلەن ئېرىشىدۇ. گاھىدا جەمئىيەتتىكى ئەھۋال، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئۇمۇمنىڭ ئىچىدىن بىراۋغا ئەلنىڭ تىزگىنىنى ئويۇن ئويىنىغاندەكلا ئەكىلىپ تۇتقۇزىدۇ.

چاقانوف: ئەل بېشى مەڭگۈلۈك ئۈچ تەرەپنى ـــ تونۇگۇن بىلەن بۈگۈن ۋە كېلەچەكنى تارازىنىڭ ئىككى بېشىدا تەڭ تۇتۇپ، ئەقلىنى قازى قىلىپ تۇرمىسا، خەلقنىڭ مۇقەددەس ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەخمەتجان ئېسىموف دېگەن ھۆرمەتلىك ئىنىم ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تەيىنلىگەندە:

ـــ ئوغۇل بالىغا چوڭ خىزمەت ـــ چوڭ سىناق، ماختاش بىلەن ئالقىشقا مەپتۇن بولمايدىغان ئادەم بىزنىڭ دەۋرىدىلا ئەمەس، ئۆتكەن ئەسىرلەردىمۇ ئاز بولغان، شۇ ئازلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرىشكە تىلەكداشمەن ـــ دەپ چاقچاق قىلغانىدىم. ئاددىي ـ ساددا، نامرات ئائىلىدىن چىقىپ، ئەقلىگە تايىنىپ، ئابروي ـ ئېتىبارنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان ئايازبېي تازا بېيىغان چېغىدىمۇ، نامرات چېغىدا كىيگەن جۇلدۇر كىيىمنى سارىيىنىڭ پېشايۋىنىغا ئېسىپ قويۇپ:

ئاياز، ھالىڭنى بىل،
چۈمۈلە يولۇڭنى بىل.

دەپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە تەسەللى، بۈگۈنكىسىگە شۈكۈر ئېيتىدىكەن.

ئايتماتوف: مەسىلەن، مەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموفنىڭ جىززاق ئوبلاستىغا بارغان سەپىرىدە ئۆز سۈرىتىنى يول قاسنىقىغا ئالاھىدە چوڭايتىپ، ئېسىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى رەھبەرنى مەنسىپىدىن ئېلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ سۆيۈندۈم.

چاقانوف: قىرغىزىستاننىڭ بولۇڭ ـ بۇلۇڭىدىن پات ـ پات خەت ئېلىپ تۇرىمەن. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكىنى، ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاددىمي خىسلەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى قاتارلىقلارنى ئېيتسالڭ تۈگىمەس ھەسرەت، شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر پارچە خەت ئالاھىدە ئېسىمدە قاپتۇ:

«ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمگە كەچكەن بىر تەلىپىم بار، ـــ دەپ يازىدۇ خەت ئىگىسى، ـــ ئاساسىي قانۇنىمىزغا ‹ئاق پاتىھە›، ‹قارا پاتىھە› دېگەن تولۇقلىما كىرگۈزسەك. ئېلىگە ئەجرى سىڭگەن، جەمئىيەتنى ئالغا سۈرگەن، مۈشكۈل پەيتتە خەلقنى قىيىن شارائىتتىن چىقارغان رەھبەرگە پېنسىيىگە چىقىشتا ‹ئاق پاتىھە› بېرەيلى، ‹ئاق پاتىھە ئالغان كىشى› دېگەن ھۆرمەتلىك نامنى ئالسۇن. جامائەتكە بۆلگۈنچىلىك سالغان، يامانلىق قىلغان، خەلق مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىغان رەھبەرگە ‹قارا پاتىھە› بېرەيلى، ئۇ خەلقتىن ‹قارا پاتىھە ئالغان ئادەم› سۈپىتىدە تۆۋەن تۇرسۇن». قاراپايىم سەھرا ئادەملىرى خەلق رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرىگە مانا مۇشۇنداق جان كۆيدۈرىدۇ.

چاقانوۋ: شۇنداقتىمۇ چېكە، سىز ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستان مەملىكەتلىرىنىڭلا ئەمەس، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مىقياسىدىكى مۇستەقىل بولغان باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پرېزىدېنتلىرىنىمۇ بىلىسىز، بۇ پرېزىدېنتلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگۈسىدە خەۋپ تۇغدۇرىدىغان قانداق مىجەز ـ خۇلقلارنى بايقىدىڭىز؟

ئايتماتوف: مېنىڭچە ئۇنداق خەۋپ تۆت تۈرلۈك.

پرېزىدېنتلارنىڭ بەزىلىرىدىن «مەن، مەن» دېگەن سۆز پات ـ پات ئاڭلىنىدىغان بولدى. بۈگۈنكى ئاددىي «مەن»، بەش كۈندە «مەملىكەتمۇ مەن» دېگەنگە ئۇ-

لىنىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ئۆزىنى چەكسىز ھاكىمىيەت ئىگىسى ھېس قىلىپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى مۇھاكىمە قىلماسلىقتا، ئۇنى ئەلنىڭ نەزىرىدىن تاشقىرى تۇتۇشقا تىرىشىشلىرى، دېموكراتىيە يولغا قويۇلغان مەملىكەتلەردە پرېزىدېنتلارنىڭ ئارتۇقچە، غەلىتە قىلىقلىرىمۇ قاتتىق نارازەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، غەرب ئەللىرىدىكى بىر پرېزىدېنت خۇسۇسىي ئۇچرىشىشتا قارشى تەرەپنى ئىككى سائەت كۈتكۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن، پارلامېنت مۇھاكىمىسىگە چۈشۈپ جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچىدىن، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئىمكانىيىتىنى، ھاكىمىيەت دائىرىسىنى تارايتىپ، چەكلىمە قويۇشقا تىرىشىشلىرى.

تۆتىنچى خەۋپ، ھەددىدىن زىيادە ماختاش بىلەن ھەددىدىن زىيادە خۇشامەتچىلىككە بېرىلىپ كېتىشلىرى، بۇ ئىككى ئىللەتنىڭ بويسۇندۇرالمايدىغان چوققىسى تولىمۇ كەم. شۈكۈر، بەزى ئۇلۇغ قەدەملەرمۇ يوق ئەمەس، خەۋپلىك ئىللەتكە تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ تېپىپ، ئەس ـ ھوشنى تېزرەك تېپىۋالسا، ئۆزلىرى ۋە ئەل ئۈچۈن ساۋاب ئىش قىلغان بولاتتى. بىز ئادەمزات جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن باشلاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان ھەر تۈرلۈك ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنىۋى بايلىقتا بولغان كۆز قارىشى ياكى ئۇنى كۆز بويامچىلىق ئۈچۈنلا يۈرگۈزگەنلەرنىڭ خىلمۇخىل تەقدىرى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق، بۇ سۆھبەتلىرىمىز مۇستەقىل بولغان مەملىكەتلىرىمىزنىڭ پرېزىدېنتلىرىنى، ئېلىمىزنىڭ ھەر خىل سەۋىيىدىكى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى سىياسىي ئەرباپلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئويلىنىشقا تۈرتكە بولالىسا، مەقسىتىمىزنىڭ ئورۇندالغىنى دەپ بىلەيلى. سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىنى ھاكىمىيەت ھەققىدە ھەر قايسى دەۋرلەردە ئاۋاز قوشقان ئۇلۇغلارنىڭ پىكرى بىلەن تاماملىساق:

پىفاگور: «ئەخمەققە قىلىچنى، ئۇياتسىزغا ھاكىمىيەتنى ئىشىنىپ تاپشۇرۇشنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ئوخشاش.»

مۇنتېسكيۇ: «قانۇننىڭ دائىرىسىدە، توغىنىڭ ئادىللىقى ئاستىدا سۆز باشلاپ، ھەرىكەت قىلغان زالىمدىن ۋەھشىي دۈشمەن يوق.»

د. دىدرو: «ئۇل تېشى زورلۇق بىلەن قويۇلغان ھاكىمىيەت زورلۇقنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىدۇ.»

ج. لابرۇيېر: «تولىمۇ مەرتىۋىلىك ئورۇن ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، چاكىنا ئادەمنى تېخىمۇ چاكىنا قىلىۋېتىدۇ.»

تەقدىر بىزنىڭ يولىمىزنى مەنىۋى بايلىقتىن ئادا ـ جۇدا بولغان رەھبەرلەر بىلەن توغىشتۇرمىگەي!

## ئاداشقان ئاق قۇننىڭ مۇڭى ياكى مىدوزا سىرى

تىك قىيا ـ ھاڭلارنىڭ بېشىدا قالغان قوجاجاش تەقدىرنى مۇشۇنداق ساقايماس قايغۇ ـ ھەسرەتكە گىرىپتار قىلغان ئۆزىنىڭ چەكتىن ئاشقان زالىملىقى بىلەن مۇدھىشلىكىگە، ئادالەتسىزلىك بىلەن رەھىمسىزلىكىگە قايتا ـ قايتا لەنەت ياغدۇرۇپ، قىيا بىلەن قىيانى جاراڭلىتىپ، ئاڭلىغان ئادەم ۋە جانۋارلارنىڭ ۋۇجۇدىنى سىرقىرىتىپ، بوزلاپ، زار ـ زار قاقشاپتۇ. بىراق، ئۆتكۈنگەن بىلەن نېمە پايدا! بۇنىڭ ھەممىسى تولىمۇ كېچىككەن ئىدى.

### چىڭگىز ئايتماتوف

ھەر بىر باتۇر ئۆز كۈيىن ئېيتىپ كېلەر،
ئېيتماق دېگەن ئەزەلدىن ئېسىل ھۈنەر.
تاغقا چىقىپ تاش ئاتساڭ، چۇقان سالساڭ،
يانغۇ بولۇپ ئاۋازىڭ قايتا كېلەر.

جاۋاب بېرىپ تۇرغان شۇ ملك نىداغا،
بىر فائىدە بار ئاشۇ ئەكس سادادا.
ھەئە، ئۇندا گۇمان يوق شۇنىڭ ئۈچۈن،
باش ئېگىمەن شۇ ئۇلۇغ ئەكس ساداغا.

مۇختار چاقانوف

ئايتماتوف: ياراتقان ئىگەم بەندىسىگە: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقلارنى قولۇڭغا بېرىمەن. كەڭرى دالا، تاغۇتاش، پايانسىز دېڭىز، ئايدىڭ كۆل، بۈيۈك ئورمان، ھېسابسىز جانۋارلارغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىل، مەندىن كېيىنكى جاۋابكار سەن، يەر يۈزىدىكى ھايات ياخشى قۇرۇلامدۇ ياكى ئاپەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولامدۇ، ساڭا مۇناسىۋەتلىك» دەپ ناھايىتى زور ۋەزىپە ئارتىپ، چەكسىز ھاكىمىيەتنى قولغا بەرگەن بولسا كېرەك، مۇشۇ سو-

MIRAS

ئالى بار يەردىكى ھاياتلىقلارنىڭ قانچىسى تېخىچە ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ، قانچىسى ئادەم قولىدا ۋەيران بولدى، دېگەن مەسىلىگە توختىلىدىغان بولساق، قۇيقا چېچىڭنى تىك تۇرغۇزىدىغان خىيال قورشاۋىدا قالىمىز. قىرغىز خەلقىدە نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان كېلىۋاتقان قوجاجاش مەرگەننىڭ ھەسرىتى ھەققىدە ئاجايىپ بىر چۆچەك بار. ئۆز ۋاقتىدا دايساكوۋ يىكىداغىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدىم ۋە بۇ چۆچەكنى قوشۇمچە ۋەقەلەر بىلەن تولۇقلاپ يازغانىدىم:

بۇرۇن - بۇرۇندا، ئېگىز تاغ بىلەن بىپايان دالىدىن پەيدا بولغان قىرغىز زېمىنىدا قوجاجاش ئىسىملىك ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇ كېيىكنىڭ كۆزىگە ئوق تەگكۈزەلەيدىغان مەرگەن، بۆرىنى قوغلاپ سوقىدىغان يۈگۈرۈك، تاغ يولۋىسىنى يەكمۇيەك يەڭگەن پەلۋان ئىكەن. ئۇ ئولجىسى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، پۈتكۈل ئاۋۇلنى باقىدىكەن. كۆزىگە ھايۋان كۆرۈنسىلا، يوقىتىشنى مەقسەت قىلىغان قوجاجاش ئۆزىنى پۈتكۈل دالىنىڭ خوجىسىدەك ھېسابلايدىغان تەكەببۇر كىشى ئىكەن. بىر كۈنلەردە قوجاجاش ئاي بىلەن كۈندەك چىرايلىق سۆيگەن قىزىغا چاي ئىچكۈزۈپ، يولۋاس بىلەن تۈلكىنىڭ ۋاللىداپ تۇرغان، ئەيلەنگەن تېرىلىرىنى سوۋغا قىلىپ، توي كۈنىنى بېكىتىدۇ. تويغا تېخىمۇ كۆپ چىقىم كېرەك بولغاچقا، قوجاجاش ھايۋانلارنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ئوۋلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. لايىقى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز دېمەي، ھايۋانلارنى قىرغىلى تۇرىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قوجاجاش قۇندۇزلارنىڭ قىز ئۇزىتىش تويىغا دۇچ كېلىدۇ. قۇندۇزلار ئايدىڭ كېچىدە مەشرەپ قىلىپ، بۇرۇنقى ئادەملەردەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، قىز قۇندۇزنى قوشنا كامارىدىكى ئەركەك قۇندۇزغا ئېلىپ بېرىدۇ. قارشى تەرەپتىكىلەر ياسىنىپ - تارىنىپ، قىزنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ، توي مەرىكىسى يېڭىۋاشتىن قىزىيدۇ. بۇلارنى ئۈنسىز تاماشا قىلىۋاتقان قوجاجاشنىڭ ئېسىگە لايىقى بىلەن توي چۈشىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە «قۇندۇزنىڭ تېرىسىدىن ئېسىل سوۋغا يوق، بۇلار بىكارغا كەلگەن بايلىق ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ، تونىنى يېشىدۇ - دە، قىزىق تاماشىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قۇندۇزلارنىڭ ئۈستىگە يۆركۈپ، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگىلى تۇرىدۇ. تاغ ئۆچكىلىرىنىمۇ يار تاشنىڭ جىلغىسىغا قاماپ قىرىدۇ. ئامان قالغان سۇر ئۆچكە قوجاجاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەندەك كېيىكنىڭ كۆزىنى چەنلەيدىغان مەرگەن ئالەمدە تېپىلماس، شۇنداقتىمۇ ھەر نەرسىنىڭ ھەددى بولىدۇ. ئەمدى ئوغۇلبالچىلىق قىلىپ ئاتمىغىن، بىر ئۇۋرۇقتىن پەقەت سۇر تېكە ئىككىمىزلا قالدۇق، ئەۋلاد ئاينىتايلى، — دەپ كۆز يېشى قىلىدۇ. لېكىن قوجاجاش بىر پاي ئوق بىلەنلا سۇر تېكىنى جىمىقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا غەزەپلەنگەن سۇر ئۆچكە:

— سەن ئۇرۇقىمىزنى قۇرۇتتۇڭ، سېنى قارغىش تۇتىدۇ. قوجاجاش ئەمدى ھېچ يەردە ئوقۇڭ ھايۋانغا تەگمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭ ئېتىپ باق، — دەيدۇ. تەكەببۇر ئوۋچى سۇر ئۆچكىنى زاڭلىق قىلىپ، شۇنداق قاقاقلاپ كۈلىدۇكى، ھەتتا تاغدىن تاشلار دومىلاپ چۈشىدۇ. بىراق، سۇر ئۆچكىنىڭ سۆزى راست چىقىپ، قوجاجاشنىڭ بىرمۇ ئوقى سۇر ئۆچكىگە تەگمەيدۇ.

— ئەمىسە سېنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرەي، — دەپ قوجاجاش سۇر ئۆچكىنى قوغلايدۇ ۋە ئادەمزاتنىڭ ئايىغى تەگمىگەن تىك قىيانىڭ بېشىغا چىقىپ قالغىنىنى سەزمەي قالىدۇ. قارىسا ئۆچپۈرىسى خەتەرلىك ھالدا، كەينىگە قايتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ چاغدا سۇر ئۆچكە:

— گۇناھسىز ھايۋانلارنى قىرغىنىڭ ئۈچۈن ئەدىپىڭنى يە، بىزنى قانداق يىغلاتقان بولساڭ، تەقدىر ئەمدى سېنى ئاخىرقى تىنىقىڭغىچە شۇنداق يىغلىتىدۇ، — دەيدۇ.

تىك قىيا - تىك ھاڭلارنىڭ بېشىدا قالغان قوجاجاش تەقدىرىنى مۇشۇنداق چەكسىز قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار قىلغان ئۆزىنىڭ زالىملىقى، رەھىمسىزلىكىگە قايتا - قايتا لەنەت ئوقۇپ، قىيا بىلەن قىيانى جاراڭلىتىپ، ئاڭلىغان ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ ۋۇجۇدىنى سىرقىرىتىپ، زار - زار قاقشاپتۇ. بىراق ئۆكۈنگەن بىلەن نېمە پايدا! بۇنىڭ ھەممىسى كېچىككەن ئىدى.

قوجاجاشنىڭ لايىقى سۇر ئۆچكىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن، تاغلارنى كېزىپ، سۇر ئۆچكىنى ئىزدەيدۇ. ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، سۇر ئۆچكىنى تاپالمايدۇ. قېرىپ مومايغا ئايلانغان قوجاجاشنىڭ لايىقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇندۇزلارنىڭ قىز چىقىرىش تويىغا ئۇچرىشىدۇ. قۇندۇزلار ئايدىڭ كېچىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، خۇشال بولۇشىدۇ. بۇنى كۆرگەن قوجاجاشنىڭ لا-

يىقى:

— ماڭا ھېچبولمىغاندا قۇندۇزلارچىلىكمۇ خۇشاللىق يوقمۇ؟ — دەپ تاغ — دالىنى بېشىغا كىيىپ زارلايدۇ.

چاقانوف: قوجاجاش چۆچىكى — ئومۇمي ئادەمزات ھەسرىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى. ئادەمزات بىر ۋەقەنى ھەر قىرىدىن كۆرۈپ، ھەر خىل چۈشەنچىدە چۈشىنىدۇ، دېمەكمۇ، ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى يولى — تراگېدىيە ئارقىلىق قوبۇل قىلىش.

ئايتماتوف: بىر يىلى گېرمانىيىنىڭ كىنو ئىشلىگۈچىلىرى لېۋكسېمبۇرگكە كېلىپ، سىز توغرۇلۇق كىنو ئىشلەيمىز، دېيىشتى.

— قانداق ئالىسلەر؟

— مۇشۇ بۆلۈمدە ئولتۇرۇپ، پاراڭ سېلىڭ، بىز ئېلىۋالايلى.

— بۇ يەر بولمايدۇ، بىر يەر بار، جۇرۇڭلار، پاراڭنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرايلى — دەپ كىنوچىلارنى باشلىدىم.

بەش شەھەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بىريۇسىل — لېۋكسېمبۇرگ — ترېير — كوبلېنتس — فرانكفورتنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بار. چەت ئەلنىڭ خىلمۇ خىل ماشىنىلىرى ئۈچتىن ئالتە قاتار بولۇپ، كېچە — كۈندۈز توختىماي ئاقىدۇ. يولنىڭ يانلىرىنى تۆمۈرسىم بىلەن زىچ قورشىۋەتكەن. بۇ يول تاغنىمۇ، تۆپىلىكنىمۇ، توقاي، كۆللەرنىمۇ كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى ھايۋان يەنە بىر تەرەپكە بارالمايدۇ. بۇ چاغدا بۇلار قانداق ئامال قىلغان؟ سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئۈستىدىن ھەر ئون چاقىرىمدا بىر يولى كېسىلىپ، كېيىك بىلەن بۇغا، قاۋان بىلەن توشقان، يىلان بىلەن چايانغا ئاتايتەن كۆۋرۈك سالغان. ئۇنداق چىرايلىق ئاسما كۆۋرۈكنى ئېلىمىزدە ھايۋان تۈگۈل ئادەملەرنىڭ بەھرىلىنىشى ئۈچۈنمۇ سېلىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدىغانلىقى مەلۇم.

مەن كىنو ئالغۇچىلارنى شۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ:

— مانا، شەخسىيەتچىلىكنى يېڭىشنىڭ، تەبىئەتكە كۆيۈنۈشنىڭ ۋە مەدەنىيەتلىك بىلەن تەرەققىي قىلىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشى مۇشۇ — دېدىم. كۆرۈنۈشنى ئاشۇ كۆۋرۈك بېشىدا ئالدۇق، كېيىنكى كۆرۈنۈش قىرغىز زېمىنىدا — تالاس تۈپرىقىدا داۋاملاشتى. شېكەر ئاۋۇلدىكى ئۆزۈڭ كۆرگەن ئاقساقال، قارا ساقاللارنىڭ كۆپى كىنوغا ئېلىندى.

گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، مەسىلىنىڭ چوڭى ئېكولوگىيىلىك مەسئۇلىيەتتە. «ۋاي، قاشقىر بىلەن تۈلكىگە چېقىلما، ئېيىقنى ئاتما، ئاق تىيىننى ئۆلتۈرمە» دەپ مىڭ قېتىم تەكرارلىساقمۇ نەتىجىسى ئاز. ئەڭ مۇھىمى جان — جانىۋارلارغا بولغان كۆيۈمچانلىق، غەمخورلۇق زۆرۈر. لېۋكسېمبۇرگ زېمىنىدىكى «مالال يەتكۈزگىنىمىزگە، ئوتلىقلارنى بۆلۈۋەتكىنىمىزگە كەچۈرۈم سورايمىز، ئۇياق — بۇياققا ئۆتۈۋېرىڭلار، ئەنە كۆۋرۈك تەييار» دېگەن ئەقىدە شۇنىڭ گۇۋاھى. بىزدە مۇشۇ ئەقىدە يېتىشمەيدۇ. بۇ، توغرىسىدا ئېيتىلغان پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى سۆز پېتىچە قېلىۋاتىدۇ.

چاقانوف: «بورانلىق بېكەت» رومانىڭىزدىكى ئېدىگەنىڭ قارا نارى ھەر كۆكلەمدە چۆلۈك شوينىنى ئۈزگىنىچە قاڭقىپ، ھەر بىر ئاۋۇلنىڭ كۆلىگە چۆكۈپ، خومارنى قاندۇرۇپ، ھارغاندا ئىگىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەتتى. بورانلىق ئېدىگەمۇ جانىۋارنىڭ مىجەزىگە كۆنۈك بولغاچقا ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. مۇلاھىزە قىلساق، مۇشۇ قارانارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشقا، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىققا بولغان خۇمارى تۇتقاندا، قورۇدىن قېچىپ چىقىدۇ. ۋۇجۇدىنى پارە — پارە قىلغان كۈچ — قۇدرەتنى دەللەش ئۈچۈن، پۈتۈن جاسارىتىنى سەرپ قىلىدۇ. بىر ھۆججەتلىك فىلىمدە سۈيقۇنلارنىڭ (بۇغا — ماراللارنىڭ) ھاياتىنى كۆرگەنىدىم. ئادەتتە ئوتلاق تاللىغاندا، سۇلۇق بەلگەلەشتە، يىرتقۇچلاردىن قوغدىنىشتا بىرى — بىرى بىلەن شۇنچىلىك ئىناق مۆمىن جانىۋارنىڭ ئوچۇق مەيدانغا يېغىلىپلا كۈچ سىنىشىدىغىنى قىزىق. كۈيەك ئېلىش پائالىيىتى مەزگىلىدە ماراللىرى بىر يەرگە توپلىنىدۇ، بۇغىلىرى پىچاقتەك مۈڭگۈزلىرىنى چايقىشىپ ئېلىشىشقا چۈشىدۇ. كەينىگە شوخشۇپ، زەرب بىلەن قايتا ئالغا سۈرۈلگەندە مۈڭگۈزلىرى تەرەپ — تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇ چاغدا بىر يىل ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بەسلىشىشكە چۈشكەن ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭىپ، 30 — 20 ئۇرغاچىدىن بىر ئۆزى ئەۋلاد قالدۇرغان، زور كۆرۈنىدىغان بىرى 8 — 7 تەلەپكارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. ئاخىر بۇلتۇرقى ماھىر بىلەن بىر ياش جاسارەتلىك بۇغىنىڭ ئارىسىدىكى ئېلىشىش بىر ئاش پىشمىغىچە سوزۇلدى. بېشىدا ماڭلىيىغىچە يېيىلغان قۇدرەتلىك مۈڭگۈز تۇرغاندا، باشقىلارغا تىزگىن بېرىۋېتىش ئوڭايمۇ!

MIRAS

ياش بۇغا ئىختىيارىغا قوپماي، ئۇيۇر ئىگىسىنى تالجۇقتۇرۇپ يىقىتتى ـ دە، مەيداندىن سۈرۈپ چىقاردى. بۇنى كۆرگەن بارلىق ئۇرغاچىلار ياش باتۇرنىڭ ئىختىيارىغا كۆندى...

بارىڭدا بابلاپ، يوقىڭدا چاپلىغان ھايات دېگەن مانا شۇ.

ئايتماتوف: ئەۋلاد قالدۇرۇش ھەۋىسى جانىۋارلارنىڭمۇ يۈرىكىنى پارە قىلىۋېتىدىكەن. بۇغىلارنىڭ ئۇيۇرگە چۈشىدىغان مەزگىلىدىكى ئۇرۇش ـ تالىشىدا ھاياتنىڭ بۇ زور قانۇنىيىتى ئەكس ئەتمەمدۇ! تەرسا تەبىئەت بىلەن ھەر تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرگە ھايۋاننىڭ ئەڭ كۈچلۈكى چىدايدۇ. بۇغىلارنىڭ ئۇ ھەرىكىتىدە كەلگۈسى ئەۋلاد ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت نامايان. خۇددا ئاتىسىغىمۇ بەرگەننى، بالىسىغا بېرىدۇ، دەيدۇ خەلقىمىز. كۈرەش ئارقىلىق سەرخىللاپ، ئەۋلاد ئاينىتىش ھوقۇقىنى يېڭىپ ئېلىش—مۇشۇنىڭ ئالامىتى. چۈنكى، ئاجىز، ئاغرىق بۇغىدىن ئۈنگەن ئۇرۇق ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قۇرۇپ كېتىدۇ.

چاقانوف: ئالىملارنىڭمۇ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس جېنى ۋە مىجەزى بولىدىكەن. ئۆسۈپ يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپراقلارغا بىئولوگىيە ئالىملىرى ئىلغار تېخنىكىلىق يېزىق ئەسۋابى ئارقىلىق مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبە قىلىپتۇ. ئۆسۈملۈك غولىغا مەخسۇس ئالاقە قورالىنى ئورنىتىپ، ئۆزلىرى ياپراقنى ئۈزۈشكە قول سوزىدۇ. بۇ چاغدا ئېكراندا يوپۇرماقنى تۇتقان چاغدىكى قورقۇنچ تىترىكى پەيدا بولىدۇ. ئالىملار بۇنى «خەۋپ ـ خەتەر تۇغۇلدى»، «تىرىك قالمەنمۇ يوق»، «جاراھەت سالدى»، «تۈگەشتىم» دەپ ئىپادىلەيدۇ. يوپۇرماقنى ئۈزۈپ ئالغاندا بولسا، ئېكراندىكى تىترەكمۇ يوقايدۇ. جانسىز ھېسابلىنىدىغان ئاددىي يوپۇرماقتا مۇشۇنچىلىك سەزگۈ بەرگەن، نېمىدىگەن ئاجايىپ ھايات بۇ! بىز بولساق يوپۇرماق تۈگۈل، تايگىنىڭ (سىبىرىيىنىڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىرى) ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

ئايتماتوف: مەتبۇئاتتىن ئۆسۈۋاتقان قەلەمپۇر گۈلىگە قىلىنغان تەجرىبىنى ئوقۇپ، ھەيران قالغانىدىم. شۇ گۈلنى ياش، چىرايلىق قىزلار پۇرىسا، چېچەكلەپ ئېچىلىپتۇ، يىرگىنىشلىك كىشىلەر كەلسە، ئېچىلماپتۇ. تاماكا چەككەن، ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ تىنىقىدىن سەسكىنىپ يېپىلىپتۇ.

دېمەك، ھەر قانداق جان ـ جانىۋارنىڭ ئۆزىگە خاس ياخشى كۆرۈشى، يامان كۆرۈشكە ئوخشاش سەزگۈسى بولىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا ئادەمزاتقا ئۈلگە بولغۇدەك ئاجايىپ مىجەزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

خەلقىمىز خىسلەتلىك قۇش، دەپ ئەزىزلەيدىغان ئاق قۇ يېتىلىپ جۈپلىشىدىكەندە، قالغان ئۆمۈرىنى تولىمۇ ئىناق ئۆتكۈزىدىكەن. بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىكەنكى، بىرى تاسادىپىي ئۆلسە، يەنە بىرى قايغۇغا چىدىماي، ھاۋادىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى يەرگە سوقۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ياكى ئاغزىغا گىياھ سالماي جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى تەبىئەتشۇناسلار تالاي قېتىم كۆرگەن.

ھىمالايا تاغلىرىدا ھايات كەچۈرىدىغان بەزى تائىپىلەر يېڭى توي قىلغان جورىلەرگە: «سىلەرگە كىتىنىڭ مۇھەببىتىنى، ئىتنىڭ ۋاپادارلىقىنى بەرگەي» دەپ تىلەك تىلەيدىكەن.

ئۇلاردا بۇنىڭدىن يۈكسەك پاتىھە يوق ئوخشايدۇ، ئىتنىڭ ئىگىسىگە سادىقلىقى چۈشىنىشلىك، كىتنىڭ مۇھەببىتى دېگىنى نېمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. يېقىندا مەتبۇئاتتىن كالىفورنىيە بوغۇزى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئوقۇپ، ئويلاپ يۈرگەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپتىم. كىت ئوۋلاپ يۈرگەن «ئاتوررانتى» ناملىق كېمە، قاتارلىشىپ ئۈزۈۋاتقان ئىككى كىتنىڭ (ئېپار كىتنىڭ) بىرىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، ئۆلتۈرىدۇ ـ دە، ئولجىنى تۆمۈر ئارقان بىلەن باغلاپ سۆرەيدۇ. ئەركەك كىت جورىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كېمىنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزاق ماڭىدۇ. ئاخىر ھەمراھىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن كىت قەھرۇ غەزەپكە كېلىپ كېمىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. تەڭداشسىز زور بەدىنىنى بار كۈچى بىلەن كېمىگە ئۇرۇپ، كېمىنى ئاغدۇرىۋېتىدۇ. مول ئولجىدىن تەمە قىلغان كېمە خىزمەتچىلىرى ئاران ـ ئاران ئامان قالىدۇ.

(داۋامى بار)

قازاقچە «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى» كىتابىدىن ئۇدۇلغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# يادا ئەپسۇنى ھەققىدە



خانىدا ئاكىرا (ياپونىيە)

ج گ. فرازېر بۈيۈك ئەسىرى «ئالتۇن شاخ»تا تۈيغۇ ئەپسۇنى ياكى تەقلىد ئەپسۇنىنىڭ «ھاۋارايىنى تەڭشىگۈچى ئەپسۇن»نى ئاساس قىلىپ مۇھاكىمە قىلغاندا «يامغۇر ئەپسۇنى» ھەققىدە بايان قىلىپ، «مەيلى تاشنى سۇغا چۆكتۈرسۇن، سۇنى چاچسۇن، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق بىر مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەھۋالدا، يامغۇر ياغدۇرۇش كارامىتى بارلىقىغا ئەشەندۇرگەن» دەپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە مەشرىقتىن مەغرىبقىچە تارقالغان نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسەتكەن. ئەپسۇسكى، يۇقىرىقى ئەسەردە شامانىزم ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى تۈركلەر، موڭغۇللار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، خېلى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يادا ئەپسۇنى ھەققىدە ئاساسەن توختالمىغان. ① ئەمەلىيەتتە يادا ئەپسۇنىنىڭ «ھاۋارايىنى تەڭشىشى»نى بىر قەدەر ۋەكىللىك مىسال دېيىش مۇمكىن.

قەدىمكى تۈركىي تىلدىن موڭغۇللارغا سىڭگەن «يادا» سۆزى چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق «يادا»، «يەدە» دېگەن شەكىللەردە خەنزۇ، پارس ۋە ئەرەبلەر ھەتتا ياۋروپالىقلارغىچە تونۇشلۇق ئاتالغۇ بولۇپ كەتكەن. موڭغۇللارنىڭ ئىستىلا ئۇرۇشلىرى جەريانىدا، غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دائىم يادا ئەپسۇنىدىن پايدىلىنىدىغانلىقى ئەينى چاغدىكى شەرق ـ غەرب تارىخلىرىغا پۈتۈلگەن.

«يادا» ياكى «يەدە» نىڭ ئەسلىي شەكلى دەپ قارالغان قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى «يات»، «يادە» سۆزى «يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئەپسۇن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «يامغۇر ياغدۇرىدىغان تاش» مەنىسىدىكى «يادا قىلغان»، «يادا تاش»، «ساغى يادا»، «ھەجە رۇل مەتەر» بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، دەپ قارالماقتا. يادا ئارقىلىق ئەپسۇن ئوقۇغۇچى «ياداچى يادىچى»، دەپ ئاتىلىدۇ.

يادا ئەپسۇنى ياكى يادا تاش ھەققىدە دەسلەپ ئې. كۇئاترېمېرې (E. Quatre mere) شەرق ـ غەرب تارىخلىرىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ۋامبېرى (Vambery) راۋفا، ماكۋارت (Marquarti) پىللىئوت (Pilliot) قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەزكىرە، تىل تارىخى ۋە فولكلور تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدا ئۇچرايدۇ. كلاۋسوننىڭ «تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى»دە ئۇنى تىل تارىخى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەن. ② بۇ ماقالىدە يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ تەتقىقات سەمەرلىرىنى ئاساس قىلىپ كۇئاترېمېرېنىڭ (Quatremere) ئەسىرى ۋە 2 ـ 3 تەتقىقات نەتىجىسىدىن باشقا ئەسلىي ئەسەرنى تېپىشقا ئىمكان بولمىدى. مەرھۇم دوكتور ئۇۋائى ئۇساتوننىڭ «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى يادا ھەققىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى» («كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» 7 ـ جىلد. 1961 ـ يىلىدىكى نەشرگە كىرگۈزۈلگەن)دا بۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

1. «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»دىكى يادا ئەپسۇنى

يادا ئەپسۇنى ياكى يادا تاش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن ئەسەرلەر نۇرغۇن. چۈنيۈەن ئەپەندى يازغان «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» (1777 ـ يىلى يېزىلغان. 7 ـ جىلد «مەھسۇلاتلار» ماددىسى) ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. گەرچە بۇ خاتىرىنى تەپسىلىي، توغرا يېزىلغان دېگىلى بولمىسىمۇ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان مەزمۇنلار بار. شۇڭا تولۇق مەنىسىنى نەزىرىڭلارغا سۇنىمەن:

«يادا. چىڭلىقتا تاشتەك، كۆك، سېرىق، قىزىل، ئاق، يېشىل ۋە قارا بولۇپ، رەڭگى بىر خىل ئەمەس. چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ تەكشى ئەمەس. بۇ تاش ئۈي، يىلقىنىڭ قارنىدا شەكىللىنىدىكەن. بەزىلىرى تېخى كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقى ۋە توڭغۇزنىڭ كاللىسىدىمۇ بولىدىكەن. ئۈي، يىلقىنىڭ قارنىدا شەكىللەنگىنى ئېسىل بولىدىكەن. ئۇيغۇرلار يامغۇر تىلىگەندە، سۆگەتنىڭ چىۋىقى بىلەن تاشنى ساۋداپ، پاكىز سۇغا پاتۇرسا يامغۇر ياغىدىكەن. بوران تىلىگەندە تاشنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئاسىدىكەن. تۇمان تىلىگەندە تاشنى ئاتنىڭ بېلىگە تاڭىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئىشنى تىلەيدىغان ئەپسۇنى ئايرىم بولىدىكەن. كارامەت بولماي قالمايدىكەن. ئۇيغۇرلار بىلەن تورغۇت قالماقلار (تورغۇت موڭغۇللىرى) كۆپىنچە يازدا سەپەرگە چىققاندا سالقىنداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىكەن. ئىشلەتكۈچىلەر ‹يادا سالدۇق› دەيدىكەن. لامالار يادا سالسا كارامىتى بەك تېز كۆرۈلىدىكەن».

مەتىندە بىرقانچە مەنىسى، ئېنىق بولمىغان سۆز بولسىمۇ، يادا تاشنىڭ ھايۋاننىڭ تېنىدە شەكىللىنىدىغانلىقى ئۇنىڭ بىلەن يامغۇر، بوران، تۇمان تىلىگىلى بولىدىغانلىقى، ھەر خىل يادا تاشنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئەپسۇنىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، لاما دىنىدىكى موڭغۇللار، ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى يادا ئەپسۇنى قىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولدى.

بۇ مەتىنگە روسىيىلىك ئالىملار بۇرۇندىنلا دىققەت قىلغان ھەمدە نەچچە رەت رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تەھقىقلەنگەن. XIX ئەسىردە ياۋروپالىق ئالىملار پايدىلانغىنى مۇشۇ مەتىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدۇر. مەسىلەن: ۋامبېرى بۇداگوف تۈزگەن «تۈرك ـ تاتار تىلى لۇغىتى» (1869 ـ 1871 تۈزۈلگەن)دە «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلانغان دەپ ھۆكۈم قىلغان. ③ كوۋالېۋسكى تۈزگەن «موڭغۇل تىلى لۇغىتى» (1844 ـ يىلى تۈزۈلگەن)دە «يادا ماددىسىغا يازغان ئىزاھاتىدا بىچۇرىننىڭ جۇڭغارىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسىرىدىن نەقىل ئالدىم» دېگەن. ④ بولسىمۇ، ئۇ مەزمۇن «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»دىكى مەزمۇن بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. يەنە 1820 ـ 1821 ـ يىلى تىمكوفسكى يازغان «بېيجىڭغا سەپەر» دېگەن ئەسىرىدىكى يادانىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىمۇ ⑤ تامامەن ئوخشاش. شۇڭا بۇلارغا قاراپ، «غەربىي يۇرتتىكى ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»دىكى مەتىننىڭ تەرجىمىسى ياكى شۇنىڭدىن ئېلىنغان نەقىل ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

بىراق بۇ كىشىلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر خاتا تەرجىمە ۋە خاتا چۈشەنچىدىن خالىي بولالمىغان. مەنىسىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئاڭقىرالمىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. شۇڭا ئېنىقلا قىلىپ «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»نىڭ تەرجىمىسىدىن نەقىل ئېلىنغانلىقىنى ھۆكۈم قىلغان ۋامبېرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنى تۈركلەر مۇشۇنداق قىلىدۇ دېگىنى ئەمەلىيەت ئىدى. يادا ئەپسۇنىنى ئىشلىتىدىغانلار شامان ئېتىقادىدىكى تۈركلەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، بۇنداق خاتا چۈشەنچىنى ئاساس قىلغۇچىلار ئۇيغۇرلارنىمۇ «يەنە شامان ئېتىقادىدا»، دەپ قارىغان.

قانداقلا بولمىسۇن «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»دىن قارىغاندا، XVIII ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچى لاما دىنىدىكى موڭغۇللار بىلەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار شامان ئەقىدىسىدىكى يادا ئەپسۇنىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ مەسىلىگە تۈركىيىنىڭ نوپۇزلۇق تارىخشۇناسى بولمىش كۆپرۈلۈزادە خېلى بۇرۇنلا شامانىزمنىڭ ئىسلامغا بولغان تەسىرى ⑥ ھەققىدە توختالغان.

## 2. يادا ئەپسۇنىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلار يەنى جۇڭغارىيە، ئىلى دەريا ۋادىسى، يەتتە سۇ قاتارلىق جايلارنىڭ كىلىماتى سوغۇق بولغاننىڭ ئۈستىگە كىلىماتىنىڭ ئۆز-

گىرىشچانلىقى بىلەن مەشھۇر. يىراق قەدىمكى زاماندا، بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەردە يادا ئەپسۇنى بولمىغانمىدۇ؟ X IX ئەسىرنىڭ بېشىدا ھىندىستانلىق سەيياھ مىرئىززەتۇللانىڭ: «بۇ ئەپسۇن مەركىزىي ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى سوغۇق جايلاردا كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ» ⑦ دېگىنى يۇقىرىقى قىياسىمغا ماس كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ۋېينامە» 102 ـ جىلد. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ياپيان ئېلىنىڭ بايانىدا، مىلادىيە 448 ـ يىلى جۇڭگوغا كەلگەن ياپيان ئەلچىسى: «ئېلىدە كاتتا ئەپسۇنچىلار بارلىقىنى، جۇرجانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقچى بولغاندا ئەپسۇنچىلار قاتتىق قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ، قارا بوران چىقىرىپ، جۇرجانلارنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچىنى مۇزلىتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان»دىگەن، ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇزلىتىپ ئۆلۈكلىرىنى لەيلىتىۋەتكەن»لىرىنى ھېكايە قىلغان. ⑧ بۇ ئېلى دەريا ۋادىسى ياكى يەتتە سۇ تەرەپتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا قەدىمدىن باشلاپ يادا ئەپسۇنى قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

ياپيانلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئېنىق ئەمەس، تۈركىي قەۋم ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ جۇڭغارىيىدە ياشىغانلىقى ئېنىق. «جۇۋنامە»، «ياتلار تەزكىرىسى»نىڭ داۋامى، (قەدىمكى) تۈركلەر بايانىدا: تۈركلەرنىڭ ئەجدادى نىشاتۇرنىڭ ئالاھىدە كارامىتى بولۇپ، بوران ـ يامغۇرنى چىللاپ كېلەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خاتۇنى بار بولۇپ، بىرى ياز ئىلاھىنىڭ، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن، دېگەن خاتىرە ئەپسۇنى بىلەن تۈركلەرنىڭ چوڭقۇر مۇناسىۋىتىنى ھېكايە قىلىدۇ.

X ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەرەب سەيياھ ئابدۇللا بىن مۇقەففە يادا دېگەن نامنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، قىماق تۈركلىرى ئارىسىدا «يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئەپسۇن» بارلىقىنى رىۋايەت قىلغان ⑨ يەنە XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى تەگىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئاساس قىلغان ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ياغما تۈركلىرى ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەپسۇن ئىشلەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. (10) مەھمۇد قەشقىرى يەنە ياغمىلار تىلىدا «يادا»نىڭ تەلەپپۇزى «ياد»، «يات» ئىكەنلىكىنىمۇ خاتىرىلىگەن. يادا سۆزى بىلەن ئەپسۇننى نايمان تۈركلىرىدىن چىڭگىزخانىنىڭ موڭغۇللىرى قوبۇل قىلىپ، (11) موڭغۇللارنىڭ پائالىيىتىدە ئايرىلالماس قىلىۋېتىلگەنلىكى، بولۇپمۇ تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان.

## 3. يادا ئەپسۇنىنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇلۇشى

ئەسلىدە شامان ئەقىدىسىگە تەئەللۇق بولغان يادا ئەپسۇنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللار ئىسلامچە يېڭىدىن شەرھىسىنى قوشقان. يەنى يادا تاش ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بوۋىسى بولمىش نوھ ئەلەيھىسسالامدىن تۈركىي ۋە موڭغۇل قەۋملىرىنىڭ ئورتاق ئەجدادى يافەسكە مىراس قالغانىكەن. يافەسنىڭ يۇرتىدا سۇ قىس بولغاچقا، يافەسنىڭ تەلىپىگە بىنائەن نوھ ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، تاشقا كارامەت يەرگەنىكەن. بۇ تاش يافەسنىڭ چوڭ ئوغلى تۈرككە قېلىشى كېرەك بولسىمۇ، تۈركنىڭ ئىنىسى غۇز تاشنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن تارتىۋېلىپ، ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغانىكەن. بۇ مىرفوندى ئەسرى ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردە ھېكايە قىلىنغان رىۋايەتتۇر. (12)بۇ رىۋايەتنى نۆۋەتتە XI ئەسىردە ئۆتكەن ئىرانلىق تارىخچى گەردىزىنىڭ بايانىغىچە تەھقىقلىگىلى بولىدۇ. ماكۋارت ئەپەندى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرك بولسا ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادى ياكى تۈركلەرنى ئۇلۇغلىغان دەۋردىكى خاتىرىسىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. (13) ئەمما، بۇ يەردىكى ئوغۇز توققۇز ئوغۇز يەنى ئۇيغۇر دېگەنلىكمۇ؟ ياكى X IX ئەسىرلەردىكى ئىسلام تارىخچىلىرى ئادەتتە ئاتاپ كۆنگەن سەلجۇق (ئوسمانلى) تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان ئاتالمىش تۈركمەنلەر ۋەكىللىكىدىكى تۈركلەرنى كۆرسىتەمدۇ؟ دېگەن يەنە بىر مەسىلە ئايدىڭلاشمايۋاتىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مىرفوندى تۈرك بىلەن ئوغۇزنىڭ قېرىنداشلىقى ئەمەلىيەتتە تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقى ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايان قىلىپ، قەدىمىي رىۋايەتكە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېكايە قىلغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭدىن باشلاپ «تارىخى ئەمنىيە»نىڭ مۇئەللىپى

مولللا مۇسا سايرامىمۇ، يادا تاشنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نوھ ئەلەيھىسسالامغا باغلاش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن. لېكىن رىۋايەتنىڭ بىر قۇرۇلمىسى بولمىش تۈرك ۋە ئوغۇز ئىككى ئوغۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «يادا تاش» جېدىلى تەلتۆكۈس ھەل بولمىغان.

بۇنداق ئىسلامچىلاشتۇرۇلغان رىۋايەت شەكلى يادا ئەپسۇنى ۋە شۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى ئىسلامچىلاشتۇرۇلغان، دەپ پەرەز قىلغۇزىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئايدىڭلاشتۇرۇلغان مەزمۇنلار چەكلىك بولغاچقا، پەقەت يادا تاش ۋە باشقىلارنىڭ كارامىتى بارلىقى ھەم ئىشەندۈرۈلگەن ئەپسۇننىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىگىلا ئىسپات بولىدى. نۆۋەتتە شامان ئەقىدىسىدىكى يامغۇر ياغدۇرۇش ئەپسۇننى مىسال قىلىپ پايدىلىنىدىغانغا رادلوف توپلىغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن تۆلۆس قەۋمىدىكى شامانىنىڭ ئەپسۇن ئوقۇيدىغانلىقىلا بار. (14) يەنە بىر تەرەپتىن لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇللار ئارىسىدا يامغۇر ياغدۇرۇش، ئاسماننى تۇمانلاشتۇرۇش، بوران چىقىرىش، ئاسماننى سۈزۈلدۈرۈشنى بۇدساۋا ۋە باشقا تەڭرىلەرگە ئىلتىجا قىلىپ ھەربىر «تارانى»غا سېغىنىشى پاللاس ئەپەندىنىڭ ئەسەرىگە كىرگۈزۈلگەن. (15) يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە X VI ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن بولمىش سەيياھ سەيفى (تۈرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتا 40 كۈن چۆل سەپىرى قىلىپ، يازدا چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كارۋان) «كىلىماتنى سۆۋۈتۈش ئۈچۈن» (16) يادا ئەپسۇنى ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇلار « قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «شەمس»دىكى بىر ئايەتنى قىرائەت قىلغان»لىقى ھەققىدىكى خاتىرە (17) بىردىنبىر ئىسپاتتۇر.

**4. تۈركىي ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىشى ۋە شامانىزم**

مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلاملىشىشىغا دائىر مەسىلىدە بارتولد تەسەۋۋۇپچى سوپىلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتچىلىرى بولمىش دەرۋىشلەرنىڭ ئوينىغان رولىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. لېكىن فۇنكسىيە جەھەتتىن سوپىلار بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان شامانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغان، كۆچمەن چارۋىچى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ئىسلامنىڭ بۈيۈك ماكانىنى تاشلاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش تەس بولغان خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئېھتىماللىق تەسىرىگىلا ئەھمىيەت بەرگەن. بىراق، ئىسلاملاشقاندىن كېيىنمۇ شامانىزم تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان (18). كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى تۈركىي موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىش سىرىنى يېشىشتە، ئاچقۇچ بولمىش ئىسلامنىڭ ئۆزىدىنمۇ، شامانىزم تەرەپتىنمۇ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا گودۇفروي. دۇمومبىنۇس (Gaudefroy– Demombines): «ئۇ مىللەتنىڭ ئىسلامىي تۈزۈلمىسى، ئىشلەتكەن سۆزلىرى 〈قۇرئان〉 ئىبارىلىرىگە يېقىنلىشۇۋەرگەچكە، ئىسلاملاشقان»، دەپ چۈشەندۈرىدۇ (19). مەككە بىلەن مەدىنىدىن يىراق ئەلدىكى موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ شالغۇتلىشىشى جىددىيلىشىپ، پارسلارنى ۋاستىچى قىلىپ X ئەسىردىن باشلاپ ئاساسەن ئىستىخىيلىك ھالدا ئىسلاملىشىش يولىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار بىردىنلا ئىسلاملىشىپ X VI ئەسىردە ئىسلاملىشىشنى تاماملاپ بولغان. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادى راسا ئىلمانلىشىپ، ئىسلام دىنىدىكىلەردىن ياتلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىشى توختاپ كەسكىن بولمىغانلىقىنىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. يادا ئەپسۇنىمۇ شۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ ھەقتە يەنە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلمىسا بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئاسىيادىكى دىنلاردا مۇرەسسەلىشىشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىك بار. ئاسىيادىكى دىنلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خۇدالىق دىنلار بولمىش سام خەلقلىرىدىكى يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئىز باسارى ئىسلام دىنىدىن ئۆزگە پارسلاردا پەيدا بولغان زەردەش دىنى، مانى دىنى بولۇپمۇ مانى دىنى، ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى، جۇڭگودىكى خەنزۇلارنىڭ داۋ ئەقىدىسى، زاڭزۇلارنىڭ لاما دىنى، ياپونىيىدىكى ئىلاھىيەت ئەقىدىسى قاتارلىقلاردا ئازدۇر – كۆپتۇر بولسىمۇ مۇرەسسەچىلىكنىڭ خاراكتېرى ئۇچرايدۇ ھەم

يۇقىرىقى دىنلاردىمۇ تۈركىي ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا ئەبەدىي ساقلانغان شامانىزمنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر. ئەسلىدە شامان دىنىغا يېقىن كېلىدىغان ئېتىقادتىكى جۇڭگولۇقلار، ياپونلار بۇددا دىنىدەك سىرتتىن كەلگەن دىنلارنى نىسبەتەن ئاسان قوبۇل قىلىپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىشى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. جۇڭگودا خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ رايىنى سىناپ كۆرگەن مىسسىيونېر بۇۋى مەريەم، خرىستوس ۋە پەرىشتىلەرنى داۋ ئەقىدىسىچە تۈس بېرىپ ئاۋامنى ئېتىقاد قىلغۇزغاندىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى بايقاپ چۆچۈپ كەتكەنلىكىدەك بىر ئېپىزوتنى رىۋايەت قىلىدۇ. شامان دىنىدىكى تۈركىي ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىمۇ ھېچبولمىغاندا ئاۋامنىڭ سەۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشقان. يادا ئەپسۇنى ھەققىدىكى تەتقىقات شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئىزاھات:


① «ئالتۇن شاخ» تۈرمۈش نەشرىياتى، 1934 ـ يىلى، ياپونچە نەشرى، 141 ـ ، 166 ـ بەتلەر؛ ياقۇتلارنىڭ تاشنى ئىشلىتىپ بوراننى توختىتىدىغانلىقىلا كۆزگە چېلىقىدۇ.

② گ. كلدۋسون: « -X Ⅱ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» ئوكسفورد نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 883 ـ بەت.

③ ئۇۋائى ئوساتو: «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى يادا ھەققىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى» («كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش»كە كىرگۈزۈلگەن ماقالە) 7. جىلد، 1961 ـ يىلى ياپونچە نەشرى، 14 ـ بەت.

④ كوۋالېۋسكى: «موڭغۇلچە ـ رۇسچە ـ فرانسۇزچە لۇغەت» 1849 ـ يىلى قازان نەشرى، 3 ـ توم 2275 ـ بەت.

⑤ مىرئابدۇلكەرىم بۇخارىي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1876 ـ يىلى، پارىژ فرانسۇزچە، نەشرى 301 ـ بەت.

⑥ فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «تۈركىي ۋە موڭغۇللاردىكى شامانىزم ۋە مۇسۇلمانلاردىكى تەسەۋۋۇپ» ئىستانبۇل، 1929 ـ يىلى، ئېنگلىزچە نەشرى.

⑦ خىنوسيوشى: «ئىلىغا سەپەر» فۇرۇڭ كىتابخانىسى، 1973 ـ يىلى ياپونچە نەشرى، 136 ـ بەت.

⑧ ئۇۋائى ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى 7 ـ بەت.

⑨ دوكتور فۇجىدا تويوخاچى بۇنى خىيالىي شەخس ( magi ) نىڭ خىيالىي كاراماتىنىڭ بىر خىلى، دەپ قارايدۇ. ئېنىقكى، ئۇ يادا ئەپسۇننى خاتا چۈشىنىۋالغان. («شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» غەربىي يۇرت سەھىپىسى ئوكيوشوگېن، 1933 ـ يىلى، ياپونچە نەشرى، 484 ـ ، 485 ـ بەتلەر).

(10) ماكۋۋارت: «uber das Volkstum des komanen» (شەرقىي تۈرك دىئالېكتىلىرى، 1914 ـ يىلى، بېرلىن، گېرمانچە نەشرى، 100 ـ بەت). ئۇ يەنە: «تۈركلەردىكى يادا» سۆزى ياۋروپالىقلارغا «قاشتېشى» (yade)، پارس ۋە ھىندىلارغا سېھىر» (جادۇ) مەنىسىدە ئومۇملاشقان. «كۆپچىلىككە مەلۇمكى ‹يادا تاش› خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار يېرىلغانىكەن، شۇڭا خوتەن دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى بىلەن پىشامشان دەرياسى، كېرىيە دەرياسى بىلەن پىشامشان دەرياسى يادا تاشنى يۇيۇۋەتكەنىكەن»، دەپ قارايدۇ.

تەرجىماندىن:

(11) مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1943 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 3 ـ توم، 14 ـ 159 ـ بەتلەر.

(12) رەشىدىن فەزىللا: «جامىئۇن تاۋارىخ» تېھران، ھىجرىيىنىڭ 1338 ـ يىلى، پارسچە نەشرى، 279 ـ بەتتە: «نايمان تۈركلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئوڭخان 1202 ـ يىلى چىڭگىزخانغا ھۇجۇم قىلغاندا، قار ياغدۇرۇپ، بوران چىقىرىپ «يادا لىمشى (يادا مىشى؟) قىلغان.. قار بىلەن بوران ئۇلار تەرەپكە ئۇچقان» دېگەن قىزىق بايان بار.

(13) كۋاترېمېرې: «موڭغۇل تارىخى» پارىژ، 1836 ـ يىلى، فرانسۇزچە نەشرى، 428 ـ بەت.

(14) ماكۋارتنىڭ ماقالىسى 37 ـ بەت.

(15) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە» 1905 ـ يىلى، قازان نەشرى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»سىدە ئاقسۇدىكى جەڭدە يادا تاش بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ـ تەرجىماندىن.

(16) چادۋىك. جىرمۇنسكى: «ئۇرالنىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» كامبېرىج، 1969 ـ يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 163 ـ بەت.

(17) پاللاس: «شەرقتىكى موڭغۇللار تارىخى» پېتېربۇرگ، 1801 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى، 348 ـ ، 350 ـ بەتلەر.

(18) مىر ئابدۇلكەرىم بۇخارىينىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 300 ـ ، 3001 ـ بەتلەر.

(19) «سوفىزم ۋە تۈركىي خەلقلەر» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(20) گۇدېفروي ـ دېمومبىنۇس: «مۇسۇلمانلار ھەققىدە تەتقىقات» 1921 ـ يىلى، پارىژ نەشرى، 17 ـ بەت.


(بۇ ماقالە خانىدا ئاكرانىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ياپونچە كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى)

ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# «مۇتەخەسسىسلەر» ياخاللىقى

هازىر قايسى ئېلان سۆزىنىڭ ئەڭ بازارلىق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ «مۇتەخەسسىس» دېگەن سۆز ئەڭ بازارلىق. مەن يېقىندىن بۇيانقى تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىغا دىققەت قىلدىم. قانداقتۇر ئۇزۇۋقلۇق مۇتەخەسسىسى، ئېغىز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، ئۈچەي، ئاشقازان كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى، تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى تەربىيە مۇتەخەسسىسى، دەمەدۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچى مۇتەخەسسىسى، تەييار چۆپ مۇتەخەسسىسى، سىلىقلىغۇچى ماي مۇتەخەسسىسى، ئۆي بېزەش مۇتەخەسسىسى، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش مۇتەخەسسىسى، قۇيماق مۇتەخەسسىسى... دەمەدۇ، ۋاي ـ ۋۇي، ئومۇمەن ھەممىسى «مۇتەخەسسىسى» ئىكەن. بەزى ئېلانلاردا مەلۇم مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن ياكى ئۇنى مۇتەخەسسىسلەر كۆرسەتكەن، دېيىلسە، بەزىلىرىدە مەلۇم مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ ئۆزى مۇتەخەسسىس، دېيىلگەن.

مېنىڭچە، ئېلان سودىگەرلىرىدىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش كېرەككى، «مۇتەخەسسىس» دېگەن بۇ ۋىۋىسكا بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئادەمنى قورقىتالىشى مۇمكىن ئىدى، مانا ئەمدىلىكتە ئىش جايىدا بولماي قالسا، بۇ ۋىۋىسكا چېقىۋېتىلىشى مۇمكىن.

مۇنۇ بىر قوشاقتا ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان:

تولۇق كۇرسنىڭ چۇشتى باھاسى،
بەش تىيىنغا ئالتە ماگىستىر.
توشۇپ كەتتى كوچىغا دوكتور،
پروفېسسور ھەر قەدەمدە بىر.

بەزى رەھبەرلەر ۋە باش دىرېكتورلار دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن داڭلىق پارتىيە مەكتەپلىرىدە ياكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. ئەمما تىزىمغا ئالدۇرۇش، دەرس ئاڭلاشتىن تارتىپ دېسسىرتاتسىيە ياقلاش، ئىمتىھان بېرىشكە قەدەر، ھەممە ئىشنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا قول ئاستىدىكىلەر ئورۇندايدۇ. ئوقۇيدىغانلار، ئىلمىي ئۇنۋان سېتىۋالىدىغانلارنىڭ ھالى مۇشۇنداق تۇرسا، ئوقۇتىدىغانلار، ئىلمىي ئۇنۋان ساتىدىغانلارنىڭ ھالى قانچىلىك بولماقچىدى؟ ئادەم يەنىلا شۇ ئادەم، ئەمما قولىدا ئالتۇن رەڭلىك خەت بېسىلغان ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق گۇۋاھنامىسى، بېشىدا پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى دېگەندەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاج، سەللە سەگەك بولمىسا مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىدۇ ـ دە، بۇتتەك قېتىۋالىدۇ، سالاپىتىدىن ئادەمنىڭ ئەيمەنگۈسى كېلىدۇ.

مۇتەخەسسىس ئۆز ساھەسىدىكى نەرسىلەرنى تولۇق بىلىشى مۇمكىن، ئۆز ساھەسىدىن سىرتقى نەرسىلەرنى

2004.4

بىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما ئۇ مۇتەخەسسىس ئىكەن، ھە دېگەندىلا گېزىت مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلىدۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۈيگە ئېلىپ بارىدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ ئۆز كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىر نەرسە بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، تەكلىپ قىلسىلا بېرىۋېرىدۇ، يەڭگىلرەك بولغاندا مىكى ـ مىكىلىق ياكى شاتۇتىدەك دورامچىلىق قىلىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا باغدىن گەپ سورىسا، تاغدىن جاۋاب بېرىدۇ، ئانچىكى ساۋاتلاردىمۇ پەلپەتىش گەپ قىلىپ، مەسخىرىگە قالىدۇ. مۇتەخەسسىس ئەگەر كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ كەمتۈكلىكى تۈپەيلىدىن ئاممىنى يېڭى ئۇچۇر ۋە پايدىلىق كۆرسەتمىلەر بىلەن تەمىنلىيەلمىسىغۇ مەيلى، ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، مۇتەخەسسىسلەر ناھايىتى ھاكاۋۇر، مەنمەنچى. ئۇلار ئادىللىق، ئاقىللىق سالاپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شاگىرتلارنى خاتا يولغا باشلايدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئىراق ئۇرۇشى يېڭىلا پارتلىغان مەزگىلدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى. جۇڭگولۇق بىر توپ «ـ خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى ۋە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى» گېزىت، تېلېۋىزورلاردا دانا پىكىرلىرىنى ئېلان قىلىپ، «ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىراقتا خەلق ئۇرۇشى دېڭىزى»غا غەرق بولىدۇ، دەپ جەزملەشتۈردى. بىراق، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تېزلا بۇرۇلۇش بولۇپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى تۈزۈكرەك قارشىلىققىمۇ ئۇچرىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى پولاتتەك پاكىتلار بىلەن ئاشۇ «ـ خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى ۋە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىس»لىرىنىڭ سادامدەكلا گۆدەك، ھەتتا سادامدىنمۇ خۇراپىي ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. «مەيدان خاتا بولسا، ھەممە خاتا بولىدۇ»، بۇ بىر يېمىرىلمەس ھەقىقەت. ئېلان سودىگەرلىرى يۇقىرى باھا بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنى پىلانلار ھەققىدە ئورتاق مەسلىھەتلىشىشكە چاقىرىدۇ. «يېگەنىنىڭ يۈزى ئۈيۈلار» دېگەندەك، مۇتەخەسسىسلەر خەقتىن مەسلىھەتچىلىك ھەققى، مەسلىھەت بېرىش ھەققى، باھالاش ھەققى ئالغان بولغاچقا، يۈزىنى قېلىن قىلىپ، بار ئاۋازى بىلەن خەق ئۈچۈن گەپ قىلىدۇ. كاسا كاللىنى بەلگىلەيدۇ، مۇتەخەسسىسلەر ئېلان سودىگىرىنىڭ قولىدىكى كوزىرغا ئايلانغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىستېمالچىلارغا مايىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىستېمالچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تىپىك «مەيدان خاتالىقى». بەزى مۇتەخەسسىسلەر مانا مۇشۇنداق جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، نائىنساپلىق بىلەن ساختا، ناچار تاۋار ياكى مۇلازىمەتنى داۋراڭ قىلىپ، مەدھىيە ئوقۇپ، قانۇنسىز مەككار سودىگەرلەرنىڭ يانچۇق تولدۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ئۆزىمۇ نەپكە ئېرىشىۋاتىدۇ. يەنە بەزى «ئالىم»، «مۇتەخەسسىس»لەر ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز رەۋىشتە زوراۋانلارغا تىز پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، شاپاشلاپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارنى چەتكە قېقىشى، ئەل رايىنى دەپسەندە قىلىشى، پىكىر ئەركىنلىكىنى بوغۇشى ئۈچۈن يارامىلىق قورال بولۇۋاتىدۇ.

چىن مۇتەخەسسىس دېگەن ئىلىمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئادىمىي مۇستەقىللىقنىڭ سىمۋولى، ئۇلار بىر چىشلەم نان، بەش ـ ئون تىيىن پۇل ئۈچۈن سېتىلمايدۇ، مەلۇم مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنىڭ ئوبراز باياناتچىسى بولمايدۇ. ئۇلار ئاشۇ كۆن بويى ھەر خىل تاۋار، مۇلازىمەت، ھوقۇق ئۈچۈن سۇناي چېلىپ، تەخسە كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان «ئېلان مۇتەخەسسىسلىرى»دىن ئاسمان ـ زېمىندەك پەرقلىنىدۇ.

«مۇتەخەسسىس» مودا، زىننەت بۇيۇمى، مازاق دەستىكى، ئالدامچىغا ئايلانغان چاغدا، جامائەت ۋە ئىستېمالچىلار ھوشيار بولمىسا بولمايدۇ، ئېلان ئىگىلىرى، ئېلان سودىگەرلىرىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلسا بولمايدۇ!

(يەن دولا ئىمزالىق بۇ ئەسەر «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى)

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# پۇرسەت

جورجى 50 ياشقا بارمايلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. پانىي دۇنيادا ئۇ تەڭرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، تەڭرىگە شۇنداق دەپتۇ:

—تەڭرىم، ئىنسانلار ئارىسىدا 50 يىلغا يېقىن ياشاپتىمەن. بىر قېتىممۇ مەرتىۋىلىك بولىدىغان پۇرسەتنى ماڭا بەرمىدىڭىز، شۇڭا بىر ئۆمۈر ئادەتتىكىچە تۇرمۇش كەچۈردۈم.

تەڭرى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

—شۇنداقمۇ؟ سىنىڭچە قايسى پۇرسەتنى ساڭا بەرمىدىم؟

—مەن بىل. گايتىسنەك IT نىڭ ماگناتى، دۇنيادىكى بىرىنچى باي، ھەمدە كومپيۇتېر پادىشاھى بولۇپ، سېئاتىل شەھىرىنىڭ ۋاشىنگتون كۆلى بويىدا بىر داچام بولۇشىنى تىلەيتتىم. بىراق، بۇ غايىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى سىز ماڭا خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇش پۇرستىنى يارىتىپ بەرمىدىڭىز. ئەگەر بۇ پۇرسەتنى ماڭا بەرگەن بولسىڭىز، مىكرو سوفىت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەرگىزمۇ بىل. گايتىس بولماستىن، مەن بولغان بولاتتىم.—دەپتۇ جورجى. تەڭرى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەپتۇ.

— بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى يەردە قويماي ساڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي، سىناپ باققىن.

تەڭرى قولىنى بىر شىلتىپتىكەن، ۋاقىت ئارقىغا يېنىپ 1975 - يىلغا كېلىپ قاپتۇ. جورجى بىلەن بىل. گايتىس خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ساۋاقدىشى ئەيلۇن ئۇ ئىككىسگە 1975 - يىلى 1 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ئاۋام ئېلېكترون ئىلمى» ژۇرنىلىنى ئەكېلىپ كۆرستىپتۇ.

جورجى ژۇرنالنى بىر قۇر ۋاراقلاپ قويۇپ، زېرىكىشلىك ھېس قىپتۇ - دە:

— مۇشۇمۇ ژۇرنال بولدىمۇ، بىرەر ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىمۇ بولمىسا، ھېچ مەنىسى يوق، مەن كەتتىم،— دەپلا ژۇرنالنى بىل. گايتىسقا تاشلاپ بېرىپ، سىمىز كاسسىنى تولغىغىنىچە قىز دوستى لىز بىلەن دىسكوخانىغا كېتىپتۇ.

بىل. گايتىس بولسا ژۇرنالنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بىرىنچى ئەۋلاد ئائىلە كومپيۇتېرى توغرىلۇق بېرىلگەن بىر مەلۇمات ئۇنى ئۆزىگە چوڭقۇر جەلپ قىلىۋاپتۇ.

بۇ كۈنى ئاخشىمى، جورجى قىز دوستى لىز بىلەن يېرىم كېچىگىچە خۇشال - خۇرام ئويناپتۇ. بىراق، بىل. گايتىس يېرىم كېچىگىچە كىرپىك قاقماي ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ.

ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۇ، ئوقۇشتىن چېكىنىپ، سودىغا يۈرۈش قىلىش ئىرادىسىگە كەپتۇ.

جورجى ۋە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرىسى ئاستىدا، بىل.گايتىس بىلەن ئەيلۇن شېرىكلىشىپ مىكرو

2004.4

سوفت شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. ھەمدە، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، مىكرو سوفت شىركىتى كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىپتۇ.

بۇ چاغدا، تەگرى «ۋاقىت تىزگىنىكى»نىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ۋاقىتنى قايتىدىن ھازىرقى ۋاقىتقا قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. ھەمدە جورجىدىن:

ـــھازىر بۇنىڭغا قايىل بولغانسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

جورجى قايىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قورسىقى كۆپكەن ھالدا:

ـــبۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمەس، بۇنى قىز دوستۇم لېز كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇ شۇ چاغدا ماڭا يېپىشۋېلىپ دىسكوخانىغا بېرىشقا ئالدىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ژۇرنالنى تەپسىلىي ئوقۇشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئەگەر سىز ماڭىمۇ كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ لېدىرى بولۇش پۇرسىتىنى بەرسىڭىز، مەنمۇ ئالاھىدە كارخانىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقالايتتىم. شۇنداق قىلىشقا ئىشەنچىم كامىل!...ـــدېدى.

تەگرى:

ـــبوپتۇ، بۇ نۆۋەت يەنە بىر مەرتە سىناپ كۆرەيلى،ـــدېدى ئۇنىڭغا.

تەگرى قولىنى بىر شىلتىپتىكەن، ۋاقىت يەنە ئارقىسىغا قايتىپ، ئوخشاشلا 1975 ـ يىلىغا كېلىپ قاپتۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چېكىنگەن جورجى بىلەن بىل.گايتىس ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى كومپيۇتېر شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ساۋاقدىشى ئەيلۇن بولسا ھەر ئىككىسىگە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەپ، ئىككى كىشىلىك مائاش ئاپتۇ.

ئەيلۇن ئاۋۋال جورجىغا تەكلىپ بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

ـــھازىر دۇنيادا مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتتىن بىرسىمۇ يوق، شۇڭا بىز مەخسۇس كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئىشلەپ چىقارساق قانداق.

جورجى ئازادە خوجايىنلىق كرېسلوسىدا ئولتۇرۇپ، ئىنتايىن تەكەببۇرانە ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

ـــكومپيۇتېرغا نىسبەتەن يۇمشاق دېتال زۆرۈر نەرسە، لېكىن ئۇ بەربىر قوشۇمچە مەھسۇلات. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى شۇكى، باشقىلار ئۇنى چەكلىمىسىز ھالدا ئوخشىتىپ ياسىۋالىدۇ، ياكى ئوغرىلىقچە ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بىز قانداقمۇ پايدا ئالالايمىز. شۇڭا بىز بۇ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقىمىز كېرەك. بىز قاتتىق دېتال ئىشلەپ چىقىرىپ، IBM شىركىتى ۋە ئالما شىركىتىنى بېسىپ چۈشۈشىمىز لازىم.

جاھىل ئەيلۇن بىتاقەت ھالدا بىل.گايتىسنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئەقلىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. بىل.گايتىس شۇ ھامان ئەيلۇننىڭ دېگىنىنىڭ غايەت زور سودا پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپتۇ. ھەمدە، ئۇنىڭ شىركىتى شۇ كۈنىلا يۇمشاق دېتال ئىشلەپچىقىرىش تەتقىقاتىغا ئاتلىنىپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئىگىلىكى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە سودا ئۇنۇمى يارىتىپتۇ.

ئەكسىچە، جورجىنىڭ شىركىتى IBM شىركىتى ۋە ئالما شىركىتىنىڭ بىر شۆبە شىركىتىچىلىكمۇ سودا ئۇنۇمى يارىتالماي، شۇ يىلىلا ۋەيران بوپتۇ. قىز دوستى لېز ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنى تاشلىۋېتىپتۇ.

تەگرى يەنە «ۋاقىت تىزگىنىكى»نىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپتىكەن، ۋاقىت ئەسلىگە، يەنى ھازىرقى دەۋرگە قايتىپ كەپتۇ.

ـــئەمدىغۇ قايىل بولغانسەن،ـــ دەپتۇ تەگرى ئۇنىڭغا.

جورجى بۇرۇنقىدەكلا ناقايىل ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

ـــبۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمەس، بۇنى قىز دوستۇم لېز كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ ماڭا ياردەملىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەن بىلەن جېدەللىشىپ، مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىم چېچىلىپ شىركەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىياتى ھەققىدە قېتىرقىنىپ ئويلىنالمىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم سېسىق ئوبزورچىلارمۇ «يۇمشاق دېتال شىركىتى قۇرۇش چۈشەنچىلىكمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىش»، دەپ قارىغۇلارچە يەكۈن چىقىرىپ مېنى قايمۇقتۇردى. ئەگەر سىز ماڭا بۇ نۆۋەت مىكرو سوفت شىركىتىنىڭ باش لېدىرى بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن بىل.گايتىستىنمۇ بەكرەك نەتىجە قازانغان بولاتتىم.

ـــبوپتۇ، بىز يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرەيلى،ـــدەپتۇ تەگرى ئۇنىڭغا ھەمدە قولىنى بىر شىلتىشىغا ۋاقىت تەتۈر

يىنىپ، 1982 ـ يىلىغا كېلىپ قاپتۇ. ئامېرىكىدا ئــىــككى
يۇمشاق دېتال ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت بار بوپتۇ.
ئۇ بولسىمۇ، بىل. گايتىس بىلەن جورجىنىڭ مىكرو يۇمە-
شاق دېتال شىركىتى ئىكەن ھەمدە ئىككى شىركەتنىڭ
ئەھۋالى ئوپمۇئوخشاش ئىكەن. بىل.گايتىس بىلەن جور-
جى ھەر ئىككىسى ئۆز شىركىتىنىڭ % 53 پېيىغا ئــىــگــە
بوپتۇ. ئەيلۇن ھەر ئىككى شىركەتنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم
ھالدا %31 پاي ھوقۇقىغا ئىگە بوپتۇ.

بىل.گايتىس ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، پاي ئۆتۈنۈپ
بېرىش ئۇسۇلى بىلەن شىركەتتىكى بارلىق خادىــمــلارنى
ئىلھاملاندۇرۇپتۇ ھەمدە، ھاكىمۇتلەق بــولــۇۋالــمــاي،
شىركەتنىڭ رەھبەرلىكىنى چەكلىمىلىكتىن خالىي قىپتۇ.

ئەيلۇن بىل.گايتىسنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ، بۇ
ئۇچۇردىن جورجىنى خەۋەردار قىپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قى-
لىشى ئۇنىڭ ھەر ئىككى شىركەتتە مەلۇم نىسبەتتە پېيى
بولغاچقا، بىرىدىن پايدا كۆرۈپ، يەنە بىرىــدىن زىــيــان
تارتىشنى ھەرگىز خالىمايدىكەن، شۇڭا ئۇ، جورجــىــغــا
مەسئۇل بولماي تۇرالماپتۇ.

جورجى ئەيلۇننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مازاق قىلىپ
قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ھەمدە ئەيلۇنغا شۇنداق دەپتۇ:

ــــبۇ قاراپ تۇرۇپ ھۆل خىشقا دەسسىگەنلــكــقــۇ.
خىزمەتچىلەرگە پاي ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئىش قەيەردە
بار؟ ئەجەبا ئۇ ئۆزىنى پۇلۇم شۇنچە كۆپ دەپ قارامدى-
غاندۇ؟ ئەگەر ئۇ پايلىرىنى خىزمەتچىلىرگە بېرىۋەتسە،
كېيىن ئۇلارنى قانداق باشقۇرىدۇ؟ پۈتۈن دۇنيانى ئىز-
دىسە بۇنداق ئەخمەقتىن يەنە بىرى تېپىــلــمــاس، ھــا!..
ھا!...ھا!...

ئەيلۇننىڭ ھەر ئىككى شىركەتتىكى پېيى يېرىــمــىدىن
ئاشمىغاچقا، ئۇنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى يوق ئــىــكــەن.
شۇڭا ئۇ جورجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر
بوپتۇ.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، گايتىسنىڭ مىكرو سوفت
شىركىتىنىڭ پاي چېكى قىممىتى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، بۇ
شىركەتتە مىڭلىغان مىليونېرلار، ھەتتا يۈز مىلــيــونــلاپ
دوللىرى بار بايلار پەيدا بوپتۇ.

ئەكسىچە، جورجىنىڭ مىكرو سوفت يۇمشاق دېتال
شىركىتىنىڭ پاي چېكى قىممىتى توختىماي چۈشۈپ، ئۇ-
نىڭ مەلىكىلىك خادىملىرى بىر ـ بىرلەپ گايتىــســنــىڭ
شىركىتىگە قېتىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، جورجى ھېچنېمىسى
يوق بىر گادايغا ئايلىنىپتۇ.

كۈندە مىڭ خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىــغــان مــودا
دەۋردە، گايتىسنىڭ شىركىتىدىكى خادىملار نېمىشقا ئۇ-
نىڭدىن ئايرىلىپ كەتمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ خىزمەت-
چىلەرنىڭ ھەممىسىدە شىركەتنىڭ پاي چېكى بار ئەمەسمۇ!
چۈنكى پاي چېكى ئۇلارنىڭ بۇ شىركەتكە بولغان ئەقى-
دىسىنى ئاشۇرغانىدى.

تەڭرى بۇ قېتىممۇ «ۋاقىت تىزگىنىكى»نىڭ كۈنۈپ-
كىسىنى بىر بېسىپتىكەن، ۋاقىت دەرھال ئەسلىگە قايتىپتۇ.

جورجى خىزمەتچىلىرىنىڭ ساداقەتسىزلىكى توغرۇلۇق
تەڭرىگە شىكايەت قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ ئېغىز ئاچاي
دەپ تۇرۇشىغا، تەڭرى قولىنى شىــلــتــىپ ئــۇنى زۇۋان
سۈرگۈزمەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

ــــمېنىڭ تاقىتىمنىڭمۇ چېكى بار، ئۇ ھەم ئادىل، مەن
تېز ئامەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تەكشى
تەقسىملىگەنمەن. ھەر سائەت، ھەر دەقىقە ئىچىدە بىر
بۆلەك ئادەملەر مۆجىزە يارىتىپ تۇرىدۇ. بىراق سەنچۇ؟
سېنىڭ ئۆلسەڭمۇ ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئىچىدە غۇم ساق-
لايدىغان، سەۋەنلىكنى باشقىلارغا دۆڭگەيدىغان، ھەمدە
ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ مىجەزىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نالماسلىقىڭغا سەۋەبچى بولدى.

جورجى بۇ قېتىم ئۆلسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئاشۇ مى-
جەزى ئۈچۈن، ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ،
تەڭرىدىن قايتا پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنمەپتۇ. چــۈنــكى
بايىلا تەڭرى ئۇنىڭغا: «مېنىڭ تاقىتىمنىڭ چېكى بار، ئۇ
ھەم ئادىل» دېگەن ئەمەسمىدى.

«يەنە بىر قېتىم، ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم...
لېكىن، تۆتىنچى قېتىم ئەمەس». تەڭرى بۇ قائــىــدىــنى
ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن. تەڭرى قائىدىگە خىلاپلىق قىلماي-
دۇ. ئەگەر تەڭرى قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، زېمىندىكى
كىشىلەرگە ئادىللىق بولماي قالىدۇ، زېمىندىكى كىشىلەر-
نىڭمۇ تاقىتىنىڭ چېكى بار.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم جۇلا تەرجىمىسى

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسى بازارلىق پارتكومىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى





# يۇمۇرلار





## ئاقلاش

ئەمدىلا ئىنستىتۇتنى پۈتكۈزگەن بىر ئادۋوكات تۇنجى قېتىم «تۆمۈريول ئىدارىسى دەۋاگەرنىڭ 24 تۇياق چوشقىسىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان» دېلونى ئاقلاپتۇ.

ئۇ زاسېداتېللارغا دەۋاگەر تارتقان زىياننىڭ چوڭلۇقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەپەندىلەر ئويلاپ باقايلى، 24 تۇياق چوشقا، 24 زاسېداتېل ئەپەندىلەرنىڭ توپتوغرا ئىككى ھەسسىسى دەڭلا!

## ھەيران قالارلىق

ئانا پات يېقىندا مەكتەپكە كىرىدىغان ئوغلىغا ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسى بېرىپ:

ــ مەكتەپتە مۇئەللىمنى كۆرگەندە، مۇئەللىم ياخشىمۇ سىز دېگىن، ئۆيدە، دادا، ئاپا ياخشىمۇ سىلەر دېگىن، ـ دەپتۇ.

ــ ئاپا دەپتۇ بالا بېشىنى تاتىلاپ، ـ ئۇنداقتا زادى مۇئەللىم ياخشىمۇ؟ سىلەر ياخشىمۇ؟

## ھاراق ئىچىشنىڭ پايدىسى

بىر دوختۇر ھاراقنىڭ زەھەرلىكلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر تەجرىبە ئىشلەپتۇ.

ئۇ ئىككى ئىستاكانغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇ ۋە ھاراق قۇيۇپتۇ. ئاندىن ئىككى تال قۇرتنى ئىككى ئىستاكانغا سېپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن سۇغا سېلىنغان قۇرت ساق ـ سالامەت تۇرۇپتۇ. ئەمما، ھاراققا سېلىنغان قۇرت ئۆلۈپ قاپتۇ.

بىر ھاراقكەش بۇنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا:

ــ ھاراق ئىچىشنىڭ پايدىسى كۆپكەن، ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ قورسىقىدا قۇرت بولمايدىكەن،ــ دەپتۇ.

## سەبىي گەپ

ــ بالام، چوڭ بولغاندا نېمە بولۇشنى ئويلاۋاتىسەن؟

ــ قىز بالا بولىمەن.

ــ نېمىشقا؟ قىز بالا دېگەن گۈللۈك كۆڭلەك كىيىدۇ.

ــ ياق! مەن قىز بالا بولىمەن، چۈنكى مەندىن چوڭ ئوغۇل بالىلار ئۇرسا، يىغلاپ ئاتا-ئانىلار ھاجەتخانىسىغا كىرىۋالسا ئۇلار كىرەلمەيدۇ، ئەمەسمۇ!

## پەرق

يەكشەنبە كۈنى جاك فۇ چىۋىن قورىدى، ئايالى بولسا پوپايكا توقۇدى. ئايالى جاك فۇدىن سورىدى:

ــ خېلى ئاۋارە بولدىڭىز، نەچچىنى قورۇپسىز؟

ــ بەشنى، ئۈچى ئەركەك، ئىككىسى چىشى.

ــ نېمە دېدىڭىز، ــ ئايالى ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلىپ،ــ سىز چىۋىننىڭ ئەركەك، چىشىسىنى پەرقلەندۈرەلەمسىز؟

ــ بۇ بەك ئاددىي، ئۈستىرا يېنىدىكى ئۈچى ئەركەك، گىرىم جازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككىسى چوقۇم چىشى.

ئۆمەرجان ئىسمائىل تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن



















# 美拉斯

# مىراس


主管：新疆维吾尔自治
区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》编辑部
（乌市友好南路22号文联14层）
电话：4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58—60
邮编：830001　定价：5.00元

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئە-
دەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى :
CN65- 1130\ 1
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
باھاسى: 5.00 يۈەن